... نظر ... شمايل نقادو ... / برلا ... محزوم ... شيم نيك سايه سي
چيس ... عشقيده ... كرانه بوستان ... / كيم ... آدمي نيك ... عاقلي
سلطاديم ... برلا ... / ... بولدي ... عشقينيك ... 
... ديريكي ... زيبنك جور ... / ... نور انينك ... خيال باطلي
... كم اتابي ... / ... جانانه دورسن ...

... كيم اوپياسه اول ادبش ... / او تور جركا ... دعا كوي
... ز اوايتيار ... / اگر جركا ... جدا كوي
زيبي دولت ... لار ... / سمن ... خاك را ... تو نيبالري
بولوريير ... دين ... ايل قاشيدا / ... قوش ... ماجاريكاج بيكا كوي
نهال كل ... كيم / ... مثل ... كوي
... عشق حالي / ... ايدي ... كوي
اتابي نيك ... لار ... دور / كيم ... بيكار ... كوي

... لتعالي زلفو نيك كمندي / ... بولدي عم دين بند بنديكا
... خارا ... كوزونك كيم / ... ليك ادور ... قندي
... دوريو ... جن اوتوردا / ... راست ... بلندي
... باتي ... بيس بوكه ... / ... جان ... ديك ... دردمندي
... نسبت سرو عاقد ... بيلاني كم / ايرمدا اول ... لار ... 
انكا كيم عشق حالي بولدي غالب / ... نصيحت كري بيندي

اتابي ... شري نيك لطفي ... / لطافت ... كيمكان ... 

كريه ... بورباي نيك جانانه ... مينيكي / ... يار ... ايلايب ... مينيكي
كبند ... تقد ... عزي / ... ايادي ... شمع ... مينيكي
لاييتدا ... ابدي دايم ... كونكلوم قوشي / كوزلار ... زلف ... مينيكي
... وصاليك ... / ... سالدي ... مينيكي
وجد ... ياتان ... / بيربري ... وكمل ... مينيكي
ايا ... كري ... دوري ... / ... اسروده ... مينيكي
... اول حسن ... / جان ... مينيكي

عم دين ... برابلا ... / ... عشقيده ... آباد ... 
... عشقيده ... / سرو ... تولوك ... ازادي
اسرو ... كوزونك ... / ... ناله و فرياد اي

شيوه ... كوزونك شاكردي ... بيلمان بيكا / ... اوستال ... 
بولدي ... جدا ... اتابي نيك ... / ... اسيس ... بهارده باد اي

اغزي نيك ... كونكلوم ... بولادي / زلفيدين ... سودا بولادي
كل يوزيدين منفعل ... / قاشيدين ... اعلي بولادي
لار ... عنبرين ... اوجون / ... مشك ختن ... بولادي
لعلي نيك عيسي ... / ... عابد ... بولادي
... اصطلاحين ... / اغزي نيك مشكل ... معما بولادي
اوكرا ... برلا اول علم ... / ... ذره ... بولادي
يار سيز ... اتابي نيك ... عدم / كيم ... صاحب بولدي ... بولادي

... اوشال ... / اول ... كونكلوم الا ... ايلادي
كل يوزونك ديك تازه ... وصاف ... / ... داما ... ايلادي


ОТДЕЛ РУКОПИСЕЙ




В 2456
Из собрания
Рукописного отд
ЛО ИВ АН СССР



ئىزاھلار:

① بۇ سۆزلەر قولىيازمىدا «اكر قيلسام» تەرتىپىدە كەلگەن، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن ئىككى سۆزنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى.

② بۇ سۆز قولىيازمىدا «لحظۀ» شەكلىدە يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

③ بۇ سۆز قولىيازمىدا «تاش اورماغينک» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

④ بۇ سۆز قولىيازمىدا «كيرال ماس» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

⑤ بۇ سۆز قولىيازمىدا «اى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئەسلى «ئەي» ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇ يەردە ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بىر قىسقا «ئى» ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

⑥ قولىيازمىدا «تانينكيز» شەكلىدە يېزىلغان.

⑦ قولىيازمىدا «قاشدين» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

⑧ بۇ سۆزنىڭ كېيىنكى بوغۇمى بىر ئۇزۇن بىر قىسقا بوغۇمغا تەڭ ئوقۇلغان.

⑨ بۇ يەردىكى «لارى» قوشۇمچىسى قاپىيە ئاھاڭدارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

⑩ بۇ سۆز قولىيازمىدا «ثامر» شەكلىدە يېزىلغان.

⑪ بۇ سۆز ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن ئىككى بوغۇم قىلىپ ئوقۇلدى.

⑫ بۇ سۆز قولىيازمىدا «قراقينک نينک» قىلىپ يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

⑬ بۇ يەردىكى «قدس» سۆزى ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن ئىككى بوغۇم قىلىپ ئېلىندى.

⑭ قولىيازمىدا «تانينک» شەكلىدە يېزىلغان.

⑮ بۇ سۆز قولىيازمىدا «يتماغونجه» قىلىپ يېزىلغان، بىزنىڭچە ئەسلى «يتماغونجه» بولۇشى كېرەك ئىدى.

⑯ بۇ سۆز قولىيازمىدا «تال بيندى» شەكلىدە يېزىلغان.

⑰ بۇ سۆز قولىيازمىدا «بوى نيدين» شەكلىدە يېزىلغان.

⑱ «يىل» مەنىسىدە بولۇپ، دىئالېكت پەرقى بولۇشى مۇمكىن.

⑲ بۇ سۆز قولىيازمىدا «سرّين» شەكلىدە يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

⑳ بۇ سۆز قولىيازمىدا «صدقانكدين» شەكلىدە يېزىلغان.

㉑ بۇ سۆز بىر يېرىم بوغۇمغا تەڭ ئوقۇلغان.

㉒ بۇ سۆز قولىيازمىدا «غمزانک» شەكلىدە يېزىلغان.

㉓ بۇ سۆز قولىيازمىدا «جان اندەسى» شەكلىدە يېزىلغان.

㉔ غەزەلدە قاپىيە بولۇپ كەلگەن «قاش، باش، ياش، قولداش، تاش» سۆزلىرى پاراللېل قوللىنىلغان ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر بىلەن ۋەزىنداش قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرلەردە بىر ئۇزۇن بىر قىسقا بوغۇمغا تەڭ ئوقۇلغان.

㉕ بۇ سۆز قولىيازمىدا «مشک و خطا» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

㉖ بۇ سۆز قولىيازمىدا «مونک» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

㉗ بۇ سۆز قولىيازمىدا «غمزانكنى» شەكلىدە يېزىلغان.

㉘ بۇ يەردىكى «بار» سۆزى بىر يېرىم بوغۇمغا تەڭ ئوقۇلغان.

㉙ بۇ يەردىكى «غا» قوشۇمچىسى قاپىيە ئاھاڭدارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

㉚ «كۆڭۈل» سۆزى «كونكل» شەكلىدە يېزىلغانلىقىغا قارىماي، ئىككىنچى بوغۇمى بۇ يەردە بىر يېرىم بوغۇم ئوقۇلغان.

㉛ بۇ يەردىكى «لار» قوشۇمچىسى قاپىيە ئاھاڭدارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

㉜ بۇ سۆز قولىيازمىدا «غمزانک کيم» شەكلىدە يېزىلغان.

㉝ بۇ سۆز قولىيازمىدا «سمن دينک» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

㉞ بۇ سۆز قولىيازمىدا «کيجکان» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

㉟ بۇ يەردىكى «دان» سۆزى بىر يېرىم بوغۇمغا تەڭ ئوقۇلغان.

㊱ بۇ مىسرانىڭ ۋەزنىدە مەسىلە بار. بىز بۇ يەردىكى «ئول» سۆزىنى بىر يېرىم بوغۇم ئوقۇپ، ئەسلىي بىر يېرىم بوغۇم ئوقۇلىدىغان «ھۆسن» سۆزىنى بىر ئۇزۇن بوغۇم ئوقۇش ئارقىلىق ۋەزنىگە زورلاپ سېلىشقا ياكى دىۋاننىڭ باشقا جايلىرىدا باشتىن ئاياق بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغان «ھۆسن» سۆزىنى بۇ يەردە «ھۆسىن» دەپ ئىككى بوغۇم قىلىپ تەلەپپۇز قىلىش ئارقىلىق ۋەزنىگە سېلىشقا مەجبۇرمىز.

㊲ بۇ غەزەلنىڭ قاپىيەسىدە كەلگەن «ئانى» سۆزلىرى قاپىيە ئاھاڭدارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

㊳ قولىيازمىدا «پەيدا» سۆزى «ھەق» سۆزىنىڭ ئالدىغا كۆچۈرۈلۈپ قالغان، قاپىيە ئېتىبارى بىلەن بۇ ئىككى سۆز ئالماشتۇرۇلدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ 2017 ـ يىللىق دوكتورانتى)

# ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ ۋە دەل - دەرەخلەر ھەققىدە بايانلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ ۋە دەل - دەرەخلەر ھەققىدە بايانلار» ناملىق بۇ تېكىست «مېۋىلەرنىڭ بايانى»، «مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بايانى»، «قۇرۇق مېۋىلەرنىڭ بايانى»، «قۇرۇق يېمىشلەرنىڭ بايانى»، «ئوت - گىياھلارنىڭ بايانى »، «گۈل - چېچەكلەرنىڭ بايانى»، «ئوتياشلارنىڭ بايانى» دىن ئىبارەت 7 پارچە مەزمۇندىن تەركىب تاپقان. تېكىستلەردىن «مېۋىلەرنىڭ بايانى»، «قۇرۇق مېۋىلەرنىڭ بايانى»، «ئوت - گىياھلارنىڭ بايانى»نى مۇھەممەد ئەلى داموللا، «مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بايانى»، «قۇرۇق يېمىشلەرنىڭ بايانى»، «گۈل - چېچەكلەرنىڭ بايانى»، «ئوتياشلارنىڭ بايانى»نى ئابدۇۋەلى ئاخۇندلار شىۋېت مىسسىيونېرى گۇستاف رەكۋېتنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسى بىلەن خوتەن قەغىزى ۋە سىزىقلىق پەرەڭ قەغىزىگە يازغان. تېكىستلەرنى قەشقەردىكى شىۋېت مىسسىيونېرلىرى يىغىپ ساقلىغان ۋە كېيىن ئۇلار قەشقەردىن ئايرىلغاندا «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» تەركىبىدە شىۋېتسىيەگە ئېلىپ كېتىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە لۇند ئۇنىۋېرستېتى «ياررىڭ يىغمىلىرى»غا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ تېكىستلەر داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن 1998 - يىلى «20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق —— ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى» دېگەن نامدا تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان. تېكىستلەر ھازىر گۇننار ياررىڭ يىغىپ توپلىغان «ياررىڭ يىغمىلىرى» نامىدىكى 207 - نومۇرلۇق ئارخىپتا ساقلانماقتا.

### ئوقۇلغۇسى

## مېۋەلەرنىڭ بەيانى

ھەممە مېۋەدىن ئىلگەرى پىشادۇرغان مېۋە ئۈجمەدۇر ، ئاندىن كېيىن جىنەستە، ئۆرۈك، سۆخەك شاپتۇل ، توغاچ، ئالما، ئارمۇت نەشفەتى ، چىلگە قاۋغۇن ، شەكەر سۈيى قاۋغۇن، بىشەك شىرىن قاۋغۇن، قارا قاۋغۇن، كۆكچى قاۋغۇن، ئانار، ئەنجىر ، شاپتۇل، ئەت شاپتۇل، غەينالۇ ، چىلان، ياڭاق، جىگدە، ئۈزۈم، بۇلار ئالتە شەھەر مېۋەلەرىدۇر. مەزكۇر مېۋەلەردىن بەئزى ئالتە شەھەر ئىچىدەكى يەرلەردە كەڭرۇ ئوبدانىراقدۇر. مەسەلەن: ئۈجمە ياركەندە كەڭرۇ، ئەنجىر كاشقەردە كەڭرۇ، ئانار قارغالىقتا كەڭرۇ، ئالما سانجۇدا كەڭرۇ، ئوبدان نەشفەتى كۇچاردا كەڭرۇ، ئۈزۈم خوتەندە كەڭرۇ. بۇ مەزكۇر مېۋەلەردىن باشقا مېۋە بۇ ئالتە شەھەردە يوقدۇر. مەسەلەن: خورما ئەربىستاندىن ۋە يا



میوه لارنینک بیانی

هم میوه دین ایلکاری بیشادورغان میوه اوجمه دور اندین کین جینسته اوروک
سونکک شاپتول توغاچ الما آرموت نشفتی جیلکا قاوغون شکرسویی قاوغون
بیلشک شیرین قاوغون قراقاوغون کوکچی قاوغون انار انجیر شاپتول اته شاپتول
قیناو جیلان یانکاق جگده اوزوم بولار الته شهر میوه لاریدور مذکور میوه لار
دین بعضی الته شهر ایچیده کی یرلارده کنکرو اوبدان ایرای دور مثلاً اوجمه یارکنده کنکرو
انجیر کاشغرده کنکرو انار قارغالیق داکنکرو الما ساینجو داکنکرو اوبدان نشفتی کوچار دا
کنکرو اوزوم ختن داکنکرو. بو مذکور میوه لاردین باشقه میوه بولالم کوک دور
قتلاغ ماوینستاندین ویا هندوستاندین کلتورادور بو یورتدا یوق بلکه خلق اوروغی
تیکیپ تریغاندور اوتوپ برار کز کوکلاپ قیشدا قوروپ قالغانی ایکان فسته
بادام بولارنی بدخشاندین کلتورورلار آری بادامنی شاپتولغه اولاپ بادام قیلیپدور
لیکن بو شهرلارده شکالی قالین شاپتول اوکچه سی نینک شکالیغه اوخشاش شکالی
قالین قاتیق اوزی اچیق بولوپ قالیپدور بعضی میوه یارکندده یوق کاشغردا
بار گیلاس یارکندده یوق دور بیر قسمی اوروک یارکندده بار کاشغردا یوق
اول اولجا اوروک. بعضی میوه لارنی قوروتوپ ساقلایدور اوجمه نی قوروتوپ
واسالغو دیپ ساقلایدور اوروک شاپتول اوزومنی قوروتوپ ساقلایدور
اوروکنی قوروتوپ گوله دیدور شاپتولنی قوروتوپ قاق دیدور اوزومنی
قوروتوپ قوروق اوزوم دیدور قوروق اوزومنی سرکه قیلادور هم شینه قیلادور
یاز وقتی بولسه رخاپچی یعنی موز ساتادورغانلار اوزوم شینه سی نی
موز سویوغه ایلیشتوروب انی شربت دیپ ساتادور هم اوجمه ده شینه
قیلیب ساتادور بلکه شینه لارنی یورت لارغه تولوملارده الیپ باریپ
ساتادور اوزوم شینه خواه اوجمه شینه دین تولا فائده الادورلار

ھىندۇستاندىن كەلتۈرەدۇر، بۇ يۇرتدا يوق. بەلكى خەلق ئۇرۇغىنى تىكىپ تېرىغاندۇر، ئۈنۈپ بىرەر گەز كۆكلەپ قىشدا قۇرۇپ قالغانىكەن. فىستە، بادام بۇلارنى بەدەخشاندىن كەلتۈرۈرلەر. ئارى بادامنى شاپتۇلغا ئۇلاپ بادام قىلىپتۇر لېكىن بۇ شەھەرلەردە شەكالى قالىن شاپتۇل ئۆكچەسىنىڭ شەكالىغا ئوخشاش شەكالى قالىن قاتتىق، ئۆزى ئاچچىق بولۇپ قالىپدۇر. بەئزى مېۋە ياركەندە يوق، كاشغەردە بار. گىلاس ياركەندە يوقدۇر، يەنە بىر قىسمى ئۆرۈك ياركەندە بار، كاشغەردە يوق. ئول ئولجا ئۆرۈك بەئزى مېۋەلەرنى قۇرۇتۇپ ساقلايدۇر. ئۈجمەنى قۇرۇتۇپ ۋاسالغۇ دەپ ساقلايدۇر. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ ساقلايدۇر. ئۈزۈم قىسىملىرى قىزىل ئۈزۈم، ئات باغرى ئۈزۈم، مۇناقى ئۈزۈم، قار ئۈزۈم، چىشمىش ئۈزۈم، سوقا ئۈزۈم، ئاق ئۈزۈم. ئۆرۈكنى قۇرۇتۇپ گۈلە دەيدۇر، شاپتۇلنى قۇرۇتۇپ قاق دەيدۇر، ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ قۇرۇق ئۈزۈم دەيدۇر. قۇرۇق ئۈزۈمنى سىركە قىلادۇر ھەم شىنە قىلادۇر. ياز ۋاقتى بولسا رەخاپچى يەئنى مۇز ساتادۇرغانلار ئۈزۈم شىنەسىنى مۇز سۈيىغە ئېلەشتۈرۈپ ئانى شەربەت دەپ ساتادۇر ھەم ئۈجمەدە شىنە قىلىپ ساتادۇر. بەلكى شىنەلەرنى يۇرتلارغا تۇلۇملاردا ئالىپ بارىپ ساتادۇر. ئۈزۈم شىنە خاھ ئۈجمە شىنەدىن تولا فائىدە ئالادۇرلار.

## مېۋىلىك دەرەختلەرنىڭ بەيانى

مېۋىلىك دەرەختلەر بىر خىل بولمايدۇر ھەر خىل بولادۇر. مېۋەلەرنىڭ تەئمى ھەم بۆلەك بولادۇر. بەئزى مېۋەلەر شىرىن، بەئزىلەرى ئاچچىغ ـ چۈچۈك بولادۇر. ئەرتەياز ۋاقتىدا مېۋىلىك مېۋەسىز دەرەختلەر مۇدۇچاق بولۇپ ئاندىن نوتلاپ يافراغ چىقارىپ، چېچەكلەپ غورا بولۇپ، كۈندىن كۈنگە چوڭ بولۇپ پىشادۇر. ئۆرۈكنىڭ بالدۇر پىشقانلارىنى مايسام دەرلەر. ئاندىن ياغلىق ئۆرۈك، ئاق پىشما، ئەنجانە،

ئاغاچا،تاكاتىل، خۇۋەينە بۇ ئۇرۇكلەر پىشادۇر. ئۇرۇكنى يەپ ئۇچكەسىنى چاقسا ئىچىدىن مەغزى چىقادۇر، مەغزى ھەم تاتلىق بولادۇر. شافتۇل ھەم شىيرىن مىۋەدۇر. توقۇچاق شافتۇل ھەممەدىن بالدۇر پىشادۇر. ئاندىن ماڭزى قىزىل شافتۇل، سىرىق شافتۇل، كېيىن ياما شافتۇل، ئەش شافتۇل پىشادۇر. شافتۇلنىڭ مېغزىنى ياغ تارتتۇرۇپ پولو ئاشقا لازىم قىلادۇر. توغاچ ھەم شىيرىن مىۋەدۇر. بالدۇر چىلگە توغاچ ئاندىن قالغان توغاچلار پىشادۇر. ئىچىدەكى ئۇچكەسىدىن مەغزى چىقادۇر، ئانى ھەم ياغ تارتتۇرادۇر. ئارمۇت ھەم بىر نەچچە خىل ھەم شىيرىن بولادۇر. قىرلىق ئارمۇت، كۆك ئارمۇت، نوگاي ئارمۇت، نەشپۈت ئارمۇتدۇر. قىرلىق ئارمۇت، نەشپۈت ئارمۇتنى يازدا يەيدۇر، كۆك ئارمۇت، كۈچار ئارمۇتنى قومغا كۆمۈپ ئۆيدە ساقلاپ، قىش كۈنلەرىدە ساتادۇر. ئانار ئىككى قىسىم بولادۇر. تاتلىق ئانار، ئاچچىغ ئانار. تاتلىق ئانارنى چايناپ يەيدۇر، ئاچچىغ ئانارنى خامنىڭ ئاراسىغا ئالىپ سىقىپ ئىچەدۇر. ئۈزۈم ھەم تولا شىيرىن ئۈچ خىل بولادۇر. ھۈسىنىم ئۈزۈمى دىگەن دانەسى ئۈششاق ئۈزۈم، بالدۇر پىشادۇر. ئاندىن سىرىق ئۈچۈم، قارا ئۈزۈم پىشادۇر. كۆك ۋاسالغۇ ئۈزۈمى ياركەنتدىن چىقادۇر. ئەنجۇ ھەم تولا شىيرىن بولادۇر. بۇ مىۋە ئورما ۋاقتىدىن تا كۈزغىچە ئۈچ نۆبەت پىشادۇر، باشقا مىۋەدەك چىچەكلەمەيدۇر، مودۇرىدىن تۇغادۇر. ئالما مىۋەسى بىر نەچچە خىل بولادۇر ھەم شىيرىندۇر. ئاق ئالما، داراي ئالما، سەمەرقەند ئالماسى، پۇغۇندە ئالما، پەرزەباد ئالماسى ، قىزىل ئالما، قىشلىق ئالما بولادۇر. قارا ئۇرۇك، غەينولا، گىلاس، جىنەستە، ئورۇس ئۇجمەسى، ئالۇچا بۇ مىۋەلەر ئاچچىق - چۇچۇك بولادۇر. ياغاق، چىلان، بادام، پىستە، خورما، جىگدە بولادۇر. بۇلار ئوبدان شىيرىن بولادۇر. ئۇجمە ئۈچ خىل بولادۇر، ئاق ئۇجمە، چىقىر ئۇجمە، شىيرىن بولادۇر، قارا ئۇجمە ئاچچىغ- چۇچۇك بولادۇر.

میوه‌لیک درختلارنینک بیانی

میوه‌لیک درختلار بر خیل بولمایدور هر خیل بولادور میوه‌لاری‌نینک
تعموی هم بولک بولادور بعضی میوه‌لار شیرین بعضی‌لاری اچچیغ چوچوک
بولادور ایرته یاز وقتیده میوه‌لیک میوه‌سز درختلار موده‌چاق بولوب انوین نوته
لاب یافزاق چیقاریب چیچک‌لاب غورا بولوب کوفوین کونکله پچونک بولوب پیشا
دور اوروک‌نینک بالدور پیشقانلاری‌نی هایسام درلار انوین یاغلیق اوروک
آق پیشمه انجانه اغاچه تاکاتیل خوینه بو اوروک‌لار پیشادور اوروک‌نی ییب
اوچوکه‌سی‌نی چاقسه ایچیدین مغزی چیقادور مغزی هم تاتلیق بولا
دور شافتول هم شیرین میوه‌دور توقوچاق شافتول همه‌دین بالدور پیشا
دور انوین مانکزی قزل شافتول سریق شافتول کیین یاما شافتول
اش شافتول پیشادور شافتول‌نینک مغزی‌نی یاغ تارتتوروب پولو اشقه
لازم قیلادور توغاچ هم شیرین بر میوه‌دور بالدور چیلکه توغاچ انوین
قالغان توغاچ‌لار پیشادور ایچیداکی اوچکه‌سیدین مغزی چیقادور
انی هم یاغ تارتتورادور آرموت هم برنچه خیل هم شیرین بولادور قیرلیق آرموت
کوک آرموت نوکای آرموت نشپوت آرموت دور قیرلیق آرموت نشپوت آرموت
نی یازدا ییدور کوک آرموت کوچار آرموتی‌نی قومغه کوموب اویدا ساقلاب قش
کونلاریدا ساتادور آنار ایکی قسم بولادور تاتلیق آنار اچچیغ آنار تاتلیق آنارنی
چاینلاب ییدور اچچیغ آنارنی خام‌نینک اراسیغه الیب سیقیب ایچا
دور اوزوم هم تولا شیرین اوچ خیل بولادور حسینیم اوزومی دیکان دانه‌سی
اوشاق اوزوم بالدور پیشادور انوین سریق اوزوم قرا اوزوم پیشادور کوک واسالغو
اوزومی یارکنت‌دین چیقادور انجو هم تولا شیرین بولادور بو میوه اورما وقتیدین
تاکوزغچه اوچ نوبت پیشادور باشقه میوه‌دیک چیچک‌لامایدور مودوریدین
توغادور الما میوه‌سی برنچه خیل بولادور هم شیرین دور آق الما دارای
الما سمرقند الماسی پوغونده الما پرزآباد الماسی قزل الما قشلیق الما بولادور
قرا اوروک غغنولی گیلاس جینسته اوروس اوجمه‌سی آلوچه بو میوه‌لار
اچچیغ چوچوک بولادور یانقاق چیلان بادام پسته خورما جیکده بولار اوبدان شیرین
بولادور اوجمه اوچ خیل بولادور اق اوجمه چقیر اوجمه شیرین بولادور قرا اوجمه
اچچیغ چوچوک بولادورلار

# قۇرۇغان مېۋەلەرنىڭ بەيانى

ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ شەھەرلەرگە ئېلىپ بارىپ ساتادۇر. ئۈزۈمنى قۇرۇتماق لازىم كەلسە، ئانى پىشغاندا تالدىن كېسىپ ئالا كۆرۈنۈش يەردە يايىپ قويۇپ قۇرۇتۇپ قۇرۇق ئۈزۈم دەپ تەييار قىلادۇر.

مېۋەلەردىن قۇرۇتۇپ ساقلايدۇرغان مېۋەلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆرۈكنى قۇرۇتۇپ، قۇرۇقنى گولە دەپ ئايتۇر. شاپتۇلانى قۇرۇتۇپ قۇرۇقنى قاق ئايتۇر. ئەگەر ئۈچكەسىنى ئالماي قۇرۇتسا ئانى مونەك ئايتۇر. غەينالۇنى ھەم قۇرۇتۇپ ئالىپ ساقلار، ئانى قۇرۇق غەينالۇ ئايتۇرلار. ئۈجمەنى ھەم قۇرۇتۇپ ساقلاپ ئانى ۋاسالغۇ دەرلەر، ئەنجىرنى دارۇ ئۈچۈن تەبىبلەر قۇرۇتۇپ ساقلار، لېكىن ئازراق ئانى قۇرۇق ئەنجىر دەرلەر. ئۆز ۋەقتىداكى پىشقان ئەنجىرنى مۇرەببا قىلىپ ساقلارلار. بەلكى تولا نەرسەلەرنى مۇرەببا قىلىپ ساقلارلار. مۇرەببا قىلار بولسا شەكەرنى قىلىپ قىۋام قىلىپ، ئۈستىگە قويارلار. ئۆرۈك غوراسىدا ۋە ھەم غەينالۇدا، بەھىدە، زەردەكدە، ئالمادا، نەشفەتتەدە، گىلاسدا مۇرەببا سالۇرلار. لېكىن ئاناردا شەربەت قىلارلار، شەكەرنى قىۋام قىلىپ قىزىل گۈلدا گۈلقەند سالۇرلار. قىزىل گۈلدا گۈلقەند سالار بولسا قىزىل گۈلنى ئىلغاپ، گۈلنى سوقۇپ، گۈلنىڭ بەرگىدەكى ئاقنى كېسىپ چىقارىپ، ئېتىپ سوقۇپ، قىۋام شەكەرنى ئۈستىگە قويۇپ، كوزەنىڭ ئاغزىنى چاپلاپ، تومۇز ئافتابدا بىر ئاي قويۇپ ئاندىن كېيىن تەييار بولدى دەپ يەيدۇر. قىزىل گۈلقەندنى ياركەند، خوتەندە تولا ئىئتىبار بىلەن قىلىپ ساقلايدۇر. ۋە يەنە پىننە گۈلقەندنى چىلىپ مەئدەسى ئاغرىق كىشىگە بېرەدۇر.

قوروغان میوه لارنینک بیانی

اوزومنی قوروتوب شهرلارکا الیب باریب ساتادور اوزومنی قوروتماق
لازم کلسه انی پیشغاندا تالدین کیسیب الیب الاکوزنیش یرده یاییب
قوییب قوروتوب قوروق اوزوم دیب طیار قیلادور .
میوه لاردین قوروتوب ساقلایدورغان میوه لارنینک ایچیدین
اوروکنی قوروتوب قوروقنی کوله دیب ایتور شاپتالونی قوروتوب
قوروقنی قاق ایتور اکر اوچکاسینی الماي قوروتسا انی مونک ایتور
غینالونی هم قوروتوب الیب ساقلار انی قوروق غینالو ایتورلار اوجمنی
هم قوروتوب ساقلاب انی وسالغو دیرلار انجرنی دارو اوچون طبیبلار
قوروتوب ساقلارلار لیکن ازراق انی قوروق انجر دیرلار اوز وقتیدا
پیشغان انجرنی مربا قیلیب ساقلارلار بلکه تولا نرسه لارنی مربا قیلیب
ساقلارلار مربا قیلار بولسه شکرنی قیلیب قوام قیلیب اوستیکا قویارلار
اوروک غوراسیده وهم غینالودا بهی ده زردک ده الماده نشفته ده
گلاسده مربا سالورلار لیکن اناردا شربت قیلارلار شکرنی قوام قیلیب
قزیل گلدا گلقند سالورلار قزیل گلدا گلقند سالار بولسه قزیل گل
ایلغاب گلنی سوقوب گلنینک برگیداکی اقنی کیسیب چیقاریب اتیب
سوقوب قوام شکرنی اوستیکا قوییب کوزه نینک اغزینی چاپلاب
تموز افتابدا بر ای قوییب اندین کیین طیار بولدی دیب ییدورلر
قزیل گل گلقندنی یارکند ختن ده تولا اعتبار بیلان قیلیب ساقلایدور
و ینه پینه گلقندنی قیلیب معده سی اغرینی کیشیکا بیرادور

# قۇرۇق يېمىشلەرنىڭ بەيانى

قۇرۇق يېمىشلەر ھەم بىر نەچچە قىسىم بولادۇر. خوۋەينە ئورۇكنى پىشقان ۋاقتىدا ئۆگزەگە بورا سالىپ، بورانىڭ تۆپەسىغە ئۆرۈكلەرنى تۆكۈپ يايادۇر. قۇرۇغاندا تالدىن ئۆتكەن باداڭغا ئالىپ قويادۇر. ئانى گۆلە دەرلەر. چىلان جىگدە، قارا ئۆرۈك، غەئنۇلا بۇ مىۋەلەرنى ھەم ئۆرۈككە ئوخشا قۇرۇتادۇر. شافتۇل ئازغىنە پىشقاندا ئىككى پارچە قىلىپ ئۆچەكسىنى ئاجراتىپ ئالىپ قۇرۇتادۇر. ئانى قاق دەرلەر. ئۈزۈمنى تورۇسقا پىچان بىلەن باغلاپ قۇرۇتادۇر. ئانى ۋاسالغۇ دەرلەر. قارا ئۈزۈمنىڭ قۇرۇقىنى قارامىز دەرلەر. ياڭاق مەغزىنى يېمىش بىرلە ساتادۇر. ئۆرۈكنىڭ مەغزىنى يېمىشكە ئالىشتۇرادۇر . كۆك كىشمىش خوتەندىن چىقادۇر، بادام، پىستە بەدەخشاندىن چىقادۇر. مارالباشىدىن ئەتنى يېگەلى بولمايدۇرغان بىر قىسىم تاربۇز چىقادۇر. ئانىڭ ئۇرۇغلارىنى قۇرۇتۇپ يېمىشقا ئالىشتۇرۇپ ساتادۇر. خوۋەينى ئۆرۈكنى ئۆچكەسىدىن ئاجراتىپ ئۇرنىغا بىر دانە مەغزىنى سالىپ قۇرۇتادۇر، ئانى خورما دەرلەر.

قوروق يميش لارنينك بيانى

قوروق يميش لار ع برنيچه قسم بولادور خووينه اوروک نى پشقان وقتيده اوکزه‌که بورا ساليب بورانينک توپه‌سيغه اوروک لارنى توکوب يايادور قوروغاندا تالوين اتکان باداننک غه اليب قويادور انى کوله درلار چيلان جيکده قرا اوروک غعنولى بو ميوه‌لارنى ع اوروک‌که اوخشه قوروتادور شافتول ازغنه پيشقاندا ايکى پارچه قيليب اوچيکه‌سى‌نى اجراتيب اتيب قوروتادور انى تاق درلر اوزوم‌نى توروسته پيچان بيلان باغلاب قوروتادور انى واسالغو درلار قرا اوزوم‌نينک قوروقى‌نى قرا ميز درلار ياناق مغزى‌نى يميش برله ساتادور اوروک‌نينک مغزى‌نى يميش‌که اليشتورادور کوک کيشميش ختن دين چيقادور بادام پيسته بدخشان‌دين چيقادور مارالباشيدين اتى‌نى ييکالى بولمايدورغان بر قسم تاربوز چيقادور انينک اوروغ لارى نى ٤ قوروب يميشته اليشتوروب ساتادور انى گاريز درلار دادور ديکان دانه‌سى يوغان بر قسم ماش بار انى ياغ برله قوروب يميشته اليشتوروب ساتادور خووينه اوروک‌نى اوچيکه‌سيدين اجراتيب اورنيغه بر دانه مغيزنى ساليب قوروتادور انى خورما درلار .

# گۈل ۋە چېچەكلەرنىڭ بەيانى

گۈل ۋە چېچەك بولماي ھېچ نەرسەدە ئۇرۇغ بولمايدۇر. قوغۇن، تاربۇز، كاۋالار ھەم چېچەكلەپ ئاندىن خەمەك سالادۇر. بەئزى گۈللاردىن ئوبدان بۇي چىقادۇر. ئەترە گۈل، قىزىل گۈل، سېرىق گۈل زەئپەر گۈل، رەيھان. بۇ گۈللاردىن بۇي كېلەدۇر. سەبداي گۈل، ئالماتۇ گۈل، شۇرا

گل و چيچک لارنينک بيانى

گل و چيچک بولماى هيچ نرسه‌ده اوروغ بولمايدور توغون تاربوز کاوا لارهم چيچکلاب اندين خمک سالادور بعضى گل‌لاردين اوبدان بوى چيقادور عطر گل قزل گل سريق گل زعپر گل ريحان بو گل‌لاردين بوى کيلادور سبداى گل الماتو گل شورا گل کاکرو گل زعيپر گل خوخا گل تامچى گل بانکى گل خطاى گلى حشقيپيچک


معینک گل، گلسمن، تاجی گل ایله تاجی سی خالته سبدای
زردیک گل، تخوم گل، چینه گل، انجو گل. بو گل‌لار هر بری بیک
قسم بولک رنک بولادور. بعضی میوه‌لارنینک چیچک‌لاری هم گلغه
اوخشایدور. چینه گل، انجو گل‌لار هم اوبدان گل دور. الما چیچاکی
قزیل جرایلیق بولادور. آنارنینک چیچاکی نی انار گلی دیب تووالب
بازارغه الیب چیریب سوصح گل بیلان ساتادور. ازغان درختی
نینک چیچاکی بعینه گلغه اوخشایدور. حوفویوف گلی
هم هر خیل ایچیلادورلار

گۈل، كەكرۇ گۈل، زەغمر گۈل، خوخا گۈل، قامچى گۈل، بەڭگى گۈل، ختاي گۈل، ھەشقىپىچەك گۈل، ھەئپىرەڭ گۈل، گۈلسەمەن، تاجى گۈل ئىلە تاجىسى خالتا، سەبداي، زەردەك گۈل، تەخۇم گۈل، چىنە گۈل، ئەنجۈ گۈل، بۇ گۈللار ھەر بىرى بۆلەك قىسىم، بۆلەك رەڭ بولادۇر. بەئزى مىۋەلەرنىڭ چېچەكلەرى ھەم گۈلغا ئوخشايدۇر. چىنە گۈل، ئەنجۈ گۈللار ھەم ئوبدان گۈلدۇر. ئالما چېچەكى قىزىل چىرايلىق بولادۇر. ئانارنىڭ چېچەكىنى ئانارگۈلى دەپ تۇۋلاپ بازارغا ئالىپ چىرىپ، سەۋسەھ گۈل بىلەن ساتادۇر. ئازغان دەرەختىنىڭ چېچەكى بەئەينىھ گۈلغا ئوخشايدۇر. ھۆفۆيۇق گۈلى ھەم ھەر خىل ئېچىلادۇر.

## ئوت گىياھلارنىڭ بەيانى


اوت گیاه‌لارنینک بیانی
سبز اوت انی توکا تپانی اوت هم دیرلار انی گوشت بیلان قوروب بتّه
وکاکپانک بیلان ییدور. تپ بولغان آدم انی ایستاب توروب ییدور
بو سبز اوت نی آدم و اولاغ ییدور. کاپکاپ یاکی چای کوکی یماک اوچون
اوبدان مزه‌لیک اوت دور. آدم و اولاغ ییدور. یالپوز پننه‌نینک
یاواسی دیرلار آدم هم اولاغ ییدور. ینه لویلا اوت آدم و اولاغ
ییدور. یاپورماغلیق اوزون اوساب چیقادور. قوزی قولاقی اوت
انی آدم و اولاغ ییدور. قو اوت آدم هم اولاغ ییدور. اقباش اوت
انی آدم و اولاغ ییمایدور. چینک کیلیک اوت اولاغ ییدور. سریغ
اوت یونانی حکما افتیمون ایتورلار انی اولاغ ییمایدور آدم دارو اوچون
بر مثقال دین اول سریغ اوت نی سووب سوتکا سالیب ایچادور. ینه بر قسمی
اوت بار انی شاهتره ایتورلار انی هم دارو اوچون آدم ییدور اولاغ هم ییدور.
سوتلک اوت. خوقه اوت. ککرون اوت. چوزکون اوت. بوکوماچ
اوت. چرا اوت. چیم اوت. شیوه اوت. بولارنی اولاغ ییدور آدم
ییمایدور. شیواق اوت. انی هم اولاغ ییمایدور. دوگن اوت دیب

سىمىز ئوت، ئانى تۆگە تاپانى ئوت ھەم دەرلەر. ئانى گۆشت بىلەن قورۇپ بەتتە ۋە گاڭپاڭ بىلەن يەيدۇر. تەپ بولغان ئادەم ئانى ئىستەپ تۇرۇپ يەيدۇر. بۇ سىمىز ئوتنى ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇر. كاپكاپ ياكى چاي كۆكى يېمەك ئۈچۈن ئوبدان مەزەلىك ئوتدۇر، ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇر. يالپۇز(نى) پىننەنىڭ ياۋاسى دەرلەر، ئادەم ھەم ئۇلاغ يەيدۇر. يەنە لويلا ئوت ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇر. ياپۇرماقلىق ئۇزۇن ئۆسەپ چىقادۇر. قوزى قۇلاقى ئوت ئانى ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇر. قۇ ئوت ئادەم ھەم ئۇلاغ يەيدۇر. ئاقباش ئوت ئانى ئادەم ئۇلاغ يەيدۇر. چىڭگىلىك ئوت ئۇلاغ يەيدۇر. سىرىغ ئوت يۇنانى ھۆكەما ئەفتىمۇن ئايتۇرلار، ئانى ئۇلاغ يېمەيدۇر. ئادەم دارۇ ئۈچۈن بىر مىسقالدىن ئول سىرىغ ئوتنى سوقۇپ سۈتكە سالىپ ئىچەر. يەنە بىر قىسمى ئوت بار، ئانى شاھتەرە ئايتۇرلار. ئانى ھەم دارۇ ئۈچۈن ئادەم

يەيدۇر، ئۇلاغ ھەم يەيدۇر. سۇتلۇك ئوت، خوخا ئوت، كەكرۈن ئوت، چۇزگۈن ئوت، يۆگۈمەچ ئوت، چىرا ئوت، چىم ئوت، شىۋە ئوت بۇلارنى ئۇلاغ يەيدۇر، ئادەم يېمەيدۇر. شىۋاق ئوت ئانى ھەم ئۇلاغ يېمەيدۇر. دۆگەن ئوت دەپ قارا ئوت بار، ئانى ئۇلاغ يەيدۇر. لاڭخا ئوت ئۆزى ئانچە تولا ئەمەس، باغلاردا، كۆللەردە تەرىدۇر. ياپۇرماقى چوڭ، گۈلى ھەم چوڭ، يىلدىزى تاتلىق گوشت بىلەن ئوبدان غىزا بولادۇر. ھەمىشە باھارنى بىرەدۇر دەرلەر. گۈلى ھەمىشە ئاچىلىپ تۇرادۇر. بىر تەرەفدىن ئۇرۇغى پىشادۇر. يەنە بىر تەرەفدىن چېچەكلەپ گۈل چىقارىپ، ئەۋۋەل بەھاردىن كۈز ۋە قىشغىچە گۈل چىقارىپ چېچەلەپ، ئۇرۇغى پىشىپ تۇرادۇر. چىغتماق ئانى ھىچ نىمە يېمەيدۇر، ئاچچىق ئەمما قۇرۇتۇپ پىچان قىلىپ قوي بورداپدۇرغانلار بوداق قويغا بېرىپ سەمرەتەدۇ. يەنە بىر قىسمى ئوت چىغدۇر، ئانى ئوت كالا يەيدۇر. پىشغاندا ئوراپ، سوقۇپ، يۇمشاتىپ كۆلا قىلىپ ساتادۇر. يەئنى بىر قىسمى ياغاچدىن ئاغرامچى بولادۇر. دىھقانلار مەخسۇس قوش قاتار ۋاقتىدا شۇ كۆلانى ئىشلەتەدۇر. تاغ گىياھلارىدىن بىرى بىنەفشە، ئول بىر دارۇدۇر. ئانى قوي يەيدۇر. ئانداغ قوي گوشتى تاتلىق بولادۇر. سانجۇ ۋە كىليان تاغلارىدا باردۇر.


قرا اوت بار. انی اولاغ ییدور. لانگخا اوت اوزی انچه تولا ایماس
باغلارده کوللارده اتریدور یاپورماقی چونک گلی هم چونک یلدیزی
تاتلیق گوشت بیلان اوبدان غذا بولادور. همیشه بهارنی بیرادور
دیرلار گلی همیشه اچیلیب توراادور بیر طرفدین اوروغی پیشادور
ینه بیر طرفدین چیچکلاب گل چیقاریب اوّل بهاردین کوز وقتیغچه
گل چیقاریب چیچکلاب اوروغی پیشیب توراادور. چیغتماق
انی هیچ نیمه ییمایدور اچیق اما قوروتوب پیچان قیلیب قوی بوردای
دورغانلار بوداق قویغه بیریب سمیرتادور ینه بیر قسمی اوت چیغ دور
انی اط کلا ییدور پیشغاندا اوراب سوقوب یومشاتیب کوله
قیلیب ساتادور یعنی بیر قسمی یغاچدین اغرامچی بولادور دهقانلار.
مخصوص قوش قتار وقتیدا شو کولهنی ایشلاتادور. تاغ گیاهلاریدین
بیری بنفشه اول بیر دارو دور انی قوی ییمیدور انداغ قوی گوشتی تاتلیق.
بولادور سانجو وکلیان تاغلاریدا باردور

## ئوتياشلارنىڭ بەيانى

ئوتياش تەرىيدۇرغان يەرنى قىغ قويۇپ، ئوبدان ئىشلەمەسە ئانچە ئوخشىمايدۇر. ئانىڭ ئۈچۈن گەندە قويۇپ ئىككى ئۈچ نەۋبەت ئۆرۈپ، پازا، تەمۇر تارماق بىلەن مالقۇشلاپ كىچىك، كىچىك ئېتىز ئېتىپ، ئاندىن ئۇرۇغ سالىپ ئوتياش تەرىدۇر. بەئزى ئوتياشلارنى چۆنەك تارتىپ ئۇرۇغ تىكەدۇر. ئوتياشلارنىڭ ئۇرۇغلارىنى خاقان ئىقلىمىدىن ئالغان تۇرۇر. ئازراق ئوتياشلار بۆلەك شەھەردىن پەيدا بولغاندۇر. چامغۇر، يۇمغاقسۇت، پىياز، زەردەك، زىرە، پىننى،


اوتیاش لارنینک بیانی
اوتیاش تریدورغان یرنی تیغ قوییوب اوبدان ایشلاماسه انچه
اوخشامایدور انینک اوچون گنده قوییوب ایکی اوچ نوبت اوروب
پازا تمور تارماق بیلان مالقوشلاب کیچیک کیچیک اتیز اتیب
اندین اوروغ سالیب اوتیاش تریدور بعضی اوتیاش لارنی
چونک تارتیب اوروغ تیکادور اوتیاش لارنینک اوروغلارینی خاقان
اقلیمی دین الغان تورور ازراق اوتیاش لار بولک شهردین
پیدا بولغان دورلار چامغو یومغاق سوت پیاز زردیک زیره پیننی
حوونی آراپدیبیان بولار کهنه اوتیاش لاردور خینه نی تیزبلالاریاش

> چورکانلار قولیغه یاقادور اوسمه‌نی چورکانلار تیز بالالار قاشیغه قویادور خاقان قلمی‌دین چیققان اوتیاشلار بعضی چینک صی پالک اوسوک جانکو چیزه جوصی کوک توروف قزل توروف سلوساق چعلانک لانکغار بیصی خونکگا شوخله دادور آق بوداچ قزل بوداچ دونکگو کوگو سوگو لانکقو بو اوتیاش لار دورلار

جۇۋۇنى، ئارپابەدىيان بۇلار كۆھنە ئوتياشلاردۇر. خىنەنى قىز بالالار، ياش چوركانلار قولىغا ياقادۇر. ئوسمانى چوركانلار، قىز بالالار قاشىغا قويادۇر. خاقان ئىقلىمىدىن چىققان ئوتياشلار بەئىسەي، چىڭسەي، پالەك، ئوسۇڭ، جاڭدۇ، چەيزە، جۇسەي، كۆك تۇرۇپ، قىزىل تۇرۇپ، سامساق، چەئىلاڭ، لاڭخار بەئىسەي، خوڭگا، شوخلا، دادۇر، ئاق بوداچ، قىزىل بوداچ، دوڭگۇ، كوگۇ، سۇگۇ، لاڭقۇ بۇ ئوتياشلاردۇرلار.

يەشمىسى

## مېۋىلەرنىڭ بايانى

ھەممە مېۋىدىن بالدۇر پىشىدىغان مېۋە ئۈجمە، ئاندىن كېيىن جىنەستە، ئۆرۈك، سۆخەك شاپتۇل، توغاچ، ئالما، ئامۇت، چىلگە قوغۇن، شېكەر قوغۇن، بىشەكشىرىن قوغۇن، قارا قوغۇن، كۆكچى قوغۇن، ئانار، ئەنجۈر، شاپتۇل، ئەتشاپتۇل، ئەينۇلا، چىلان، ياڭاق، جىگدە، ئۈزۈم قاتارلىقلار ئالتە شەھەر مېۋىلىرىدۇر. مەزكۇر مېۋىلەردىن بەزىلىرى ئالتە شەھەردە كەڭرى چىقىدۇ. مەسىلەن: ئۈجمە يەكەندە كەڭرى، ئەنجۈر قەشقەردە كەڭرى، ئانار قاغىلىقتا كەڭرى، ئالما سانجۇدا كەڭرى، نەشپۈتنىڭ ئوبدىنى كۇچادا كەڭرى، ئۈزۈم خوتەندە كەڭرى. بۇ مېۋىلەردىن باشقا مېۋە ئالتە شەھەردە يوق. مەسىلەن: خورما ئەرەبىستاندىن ياكى ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ يۇرتتا مۇنداق مېۋە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر خورمىنىڭ ئۇرۇقىنى تىكىپ تېرىپ باققان بولسىمۇ، بىر گەز ئۈنۈپ كۆكلەپ قىشتا قۇرۇپ قالغانىكەن. پىستە، بادام قاتارلىقلار بەدەخشاندىن كەلتۈرۈلىدۇ. بادامنى شاپتۇلغا ئۇلاپ بادام قىلىدۇ، لېكىن بۇ شەھەرلەردە ئۇ بادامنىڭ شاكىلى شاپتۇل ئۆكچىسىنىڭ شاكىلىدەك قېلىن ۋە قاتتىق، ئۆزى ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. بەزى مېۋىلەر يەكەندە يوق، قەشقەردە بار. گىلاس يەكەندە يوق، يەنە بىر خىل ئۆرۈك يەكەندە بار، قەشقەردە يوق. بەزى مېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ ساقلايدۇ. ئۈجمىنى قۇرۇتۇپ «ۋاسالغۇ» دەپ ساقلايدۇ. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ ساقلايدۇ. ئۈزۈمنىڭ تۈرلىرى خىلمۇخىل بولۇپ، قىزىل ئۈزۈم، ئاتباغرى ئۈزۈم، مۇناقى ئۈزۈم، قارا ئۈزۈم، چىشمىش ئۈزۈم، سوقا ئۈزۈم، ئاق ئۈزۈم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆرۈكنى قۇرۇتۇپ گۆلە دەيدۇ، شاپتۇلنى قۇرۇتۇپ قاق دەيدۇ، ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ قۇرۇق ئۈزۈم دەيدۇ. قۇرۇق ئۈزۈمنى سىركە قىلىدۇ ھەم شىرنە قىلىدۇ. ياز ۋاقتىدا راخاپچى يەنى دوغچى ئۈزۈم شىرنىسىنى مۇز سۈيىگە ئىلەشتۇرۇپ شەربەت دەپ ساتىدۇ ھەمدە ئۈجمىدە شىرنە قىلىپ ساتىدۇ. شۇنداقلا شىرنىلەرنى يۇرتلارغا تۇلۇملاردا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ئۇنىڭدىن كۆپ پايدا ئالىدۇ.

## مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بايانى

مېۋىلىك دەرەخلەر بىر خىل بولمايدۇ، بەلكى ھەر خىل بولىدۇ. مېۋىلەرنىڭ تەمىمۇ ئوخشىمايدۇ.

بەزى مېۋىلەر شېرىن، بەزىلىرى ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. ئەتىياز ۋاقتىدا مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخلەر مۇدۇچاق بولۇپ ئاندىن نوتىلاپ ياپراق چىقىرىپ، چېچەكلەپ غورا بولۇپ، كۈندىن- كۈنگە چوڭ بولۇپ پىشىدۇ. ئۆرۈكنىڭ بالدۇر پىشقانلىرىنى «مايسام» دەيدۇ. ئاندىن ياغلىق ئۆرۈك، ئاق پىشما، ئەنجانە، ئاغاچا، تاكاتىل، خۇۋەينە قاتارلىق ئۆرۈكلەر پىشىدۇ. ئۆرۈكنى يەپ ئۇچكىسىنى چاقسا ئىچىدىن مېغىزى چىقىدۇ، مېغىزىمۇ تاتلىق بولىدۇ. شاپتۇلمۇ شېرىن مېۋىدۇر. توغاچ شاپتۇل ھەممىدىن بالدۇر پىشىدۇ. ئاندىن مەڭزى قىزىل شاپتۇل، سېرىق شاپتۇل، كېيىن يارما شاپتۇل، ئەششاپتۇل پىشىدۇ. شاپتۇلنىڭ مېغىزىنى ياغ تارتتۇرۇپ پولۇغا ئىشلىتىدۇ. توغاچمۇ شېرىن مېۋىدۇر. ئالدىدا چىلگە توغاچ ئاندىن قالغان توغاچلار پىشىدۇ. ئىچىدىكى ئۇچكىسىدىن مېغىزى چىقىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ياغ تارتىدۇ. ئامۇتمۇ بىرنەچچە خىل بولىدۇ. قىرلىق ئامۇت، كۆك ئامۇت، نوگاي ئامۇت، نەشپۈت ئامۇت دېگەندەك. قىرلىق ئامۇت، نەشپۈت ئامۇتنى يازدا يەيدۇ، كۆك ئامۇت، كۈچا ئامۇتنى قۇمغا كۆمۈپ ئۆيدە ساقلاپ، قىش كۈنلىرىدە ساتىدۇ. ئانار تاتلىق ئانار، ئاچچىق ئانار دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. تاتلىق ئانارنى چايناپ يەيدۇ، ئاچچىق ئانارنى خامنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سىقىپ ئىچىدۇ. ئۈزۈممۇ بەك شېرىن مېۋە بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدۇ. ھۆسنىم ئۈزۈمى دېگەن دانىسى ئۇششاق ئۈزۈم بولۇپ، بالدۇر پىشىدۇ. ئاندىن سېرىق ئۈزۈم، قارا ئۈزۈم پىشىدۇ. كۆك ۋاسالغۇ ئۈزۈم يەكەندىن چىقىدۇ. ئەنجۈرمۇ بەك شېرىن بولىدۇ. بۇ مېۋە ئورما ۋاقتىدىن تاكى كۈزگىچە ئۈچ نۆۋەت پىشىدۇ، باشقا مېۋىدەك چېچەكلىمەيدۇ. ئالما مېۋىسىمۇ بىرنەچچە خىل بولىدۇ. ئاق ئالما، داراي ئالما، سەمەرقەند ئالمىسى، پوغۇندە ئالما، پەيزاۋات ئالمىسى، قىزىل ئالما، قىشلىق ئالما دېگەندەك. قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا، گىلاس، جىنەستە، ئورۇس ئۈجمىسى، ئالۇچا قاتارلىق مېۋىلەر ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. ياڭاق، چىلان، بادام، پىستە، خورما، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەر بەك شېرىن بولىدۇ. ئۈجمە ئۈچ خىل بولىدۇ، ئاق ئۈجمە، چېقىر ئۈجمە شېرىن بولىدۇ، قارا ئۈجمە ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ.

## قۇرۇق مېۋىلەرنىڭ بايانى

ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ساتىدۇ. ئۈزۈمنى قۇرۇتماقچى بولسا، ئۇنى پىشقاندا تالدىن كېسىپ سۆرۈن يەردە يېيىپ قويۇپ قۇرۇتۇپ قۇرۇق ئۈزۈم تەييار قىلىدۇ.

مېۋىلەردىن قۇرۇتۇپ ساقلايدىغان مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆرۈكنى قۇرۇتۇپ، قۇرۇغىنىنى «گولە» دەپ ئاتايدۇ. شاپتۇلنى قۇرۇتۇپ قۇرۇقىنى «قاق» دەيدۇ. ئەگەر ئۇچكىسىنى ئالماي قۇرۇتسا ئۇنى «مونەك» دەيدۇ. ئەينۇلىنىمۇ قۇرۇتۇپ ساقلايدۇ، ئۇنى «قۇرۇق ئەينۇلا» دەيدۇ. ئۈجمىنىمۇ قۇرۇتۇپ «ۋاسالغۇ» دەيدۇ، ئەنجۈرنى دورا ئۈچۈن تېۋىپلار قۇرۇتۇپ ساقلايدۇ، بۇنى «قۇرۇق ئەنجۈر» دەيدۇ. دەل ۋاقتىدا پىشقان ئەنجۈرنى مۇراببا قىلىپ ساقلايدۇ، شۇنداقلا نۇرغۇن مېۋىلەرنى مۇراببا قىلىپ ساقلايدۇ. مۇراببا قىلماقچى بولسا شېكەرنى قىيام قىلىپ، ئۈستىگە قۇيىدۇ. ئۆرۈك غورىسى، ئەينۇلا، بېھى، سەۋزە، ئالما، نەشپۈت، گىلاس قاتارلىق مېۋىلەردە مۇراببا ياسايدۇ. لېكىن، ئاناردا شەربەت قىلىدۇ، شېكەرنى قىيام قىلىپ قىزىل گۈلدە گۈلقەنت سالىدۇ. قىزىل گۈلدە گۈلقەنت سالماقچى بولسا قىزىل گۈلنى ئىلغاپ، گۈلنى سوقۇپ، گۈلنىڭ بەرگىدىكى ئاقنى كېسىپ چىقىرىپ، سوقۇپ، شېكەر قىيامىنى ئۈستىگە قۇيۇپ، كوزىنىڭ ئېغىزىنى چاپلاپ، تومۇز ئاپتاپتا بىر ئاي قويۇپ ئاندىن كېيىن تەييار بولدى، دەپ يەيدۇ.

قىزىل گۈلقەنتنى يەكەن، خوتەندە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ساقلايدۇ. يەنە پىننە گۈلقەنتنى چېلىپ مەيدىسى ئاغرىق كىشىگە بېرىدۇ.

## قۇرۇق يېمىشلەرنىڭ بايانى

قۇرۇق يېمىشلەرمۇ بىرنەچچە خىل بولىدۇ. خۇۋەينە ئۆرۈكنى پىشقان ۋاقتىدا ئۆگزىگە بورا سېلىپ، بورىنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈكلەرنى تۆكۈپ يېيىتىدۇ. قۇرۇغاندا تالدىن ئۆتكەن بادالڭ تاغارغا قاچىلاپ قويىدۇ، مانا بۇنى «گۈلە» دەيدۇ. چىلان جىگدە، قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا قاتارلىق مېۋىلەرنىمۇ ئۆرۈككە ئوخشاش قۇرۇتىدۇ. شاپتۇل ئازراق پىشقاندا ئىككى پارچە قىلىپ ئۈچكىسىنى ئاجرىتىۋېلىپ قۇرۇتىدۇ، بۇنى «قاق» دەيدۇ. ئۈزۈمنى تورۇسقا پىچان بىلەن باغلاپ قۇرۇتىدۇ. ئۇنى «ۋاسالغۇ» دەيدۇ. قارا ئۈزۈمنىڭ قۇرۇقىنى «قارامىز» دەيدۇ. ياڭاق مېغىزنى يېمىش بىلەن ساتىدۇ. ئۆرۈكنىڭ مېغىزىنى يېمىشكە ئېلىشتۇرىدۇ. كۆك كىشمىش خوتەندىن چىقىدۇ، بادام، پىستە بەدەخشاندىن چىقىدۇ. مارالبېشىدىن ئېتىنى يېگىلى بولمايدىغان بىر خىل تاۋۇز چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرىنى قۇرۇتۇپ يېمىشقا ئېلىشتۇرۇپ ساتىدۇ. خۇۋەينى ئۆرۈكنى ئۈچكىسىدىن ئاجرىتىپ ئورنىغا بىر دانە مېغىزنى سېلىپ قۇرۇتىدۇ، ئۇنى «خورما» دەيدۇ.

## گۈل ۋە چېچەكلەرنىڭ بايانى

گۈل ۋە چېچەك بولماي تۇرۇپ ھېچ نەرسىدە ئۇرۇق بولمايدۇ. قوغۇن، تاۋۇز، كاۋىلارمۇ چېچەكلەپ ئاندىن خەمەك سالىدۇ. بەزى گۈللەردىن ئوبدان پۇراق چىقىدۇ. ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، سېرىقگۈل، زەپەرگۈل، رەيھان قاتارلىق گۈللەردىن پۇراق كېلىدۇ. سەبدەگۈل، ئالماتوگۈل، شۇراگۈل، كەكرۇگۈل، زىغىرگۈل، خوخاگۈل، قامچىگۈل، بەڭگىگۈل، خىتايگۈل، ھەشقىپېچەكگۈل، زەپىرەڭگۈل، يەسمەنگۈل، تاجىگۈل، زەردەكگۈل، تۇخۇمگۈل، چىنەگۈل، ئەنجۈرگۈل قاتارلىقلارنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ. بەزى مېۋىلەرنىڭ چېچەكلىرىمۇ گۈلگە ئوخشايدۇ. چىنەگۈل، ئەنجۈر گۈللەرمۇ ئوبدان گۈلدۇر. ئالما چېچىكى قىزىل چىرايلىق بولىدۇ. ئانارنىڭ چېچىكىنى ئانارگۈلى دەپ توۋلاپ بازارغا ئېلىپ كىرىپ، سەۋسەھگۈل بىلەن ساتىدۇ. ئازغان دەرىخىنىڭ چېچىكى بەئەينى گۈلگە ئوخشايدۇ. ھۆپۈپگۈلمۇ ھەر خىل ئېچىلىدۇ.

## ئوت - گىياھلارنىڭ بايانى

سېمىز ئوتنى تۆگىتاپان ئوتمۇ دەيدۇ. ئۇنى گۆش بىلەن قورۇپ بەتتە ۋە گاڭپەن بىلەن يەيدۇ. تەپ بولغان ئادەم ئۇنى ئىزدەپ تۇرۇپ يەيدۇ. بۇ سېمىز ئوتنى ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇ. كاپكاپ ياكى چاي كۆكى يېيىشكە ئىنتايىن مەززىلىك ئوت بولۇپ، ئۇنى ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇ. يالپۇزنى پىنىنىنىڭ ياۋىسى دەيدۇ، ئۇنى ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇ. يەنە لويلا ئوتنىمۇ ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئۆسىدۇ. قوزنقۇلاق ئوتنى ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇ. قۇ ئوتنىمۇ ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇ. ئاقباش ئوتنى ئادەم ۋە ئۇلاغ يەيدۇ. چىڭگىلىك ئوتنى ئۇلاغ يەيدۇ. سېرىقئوتنى غەرب تېبابىتىدە ئەفتىمۇن دەيدۇ، ئۇنى ئۇلاغ يېمەيدۇ.

كىشىلەر دورىلىق ئۈچۈن بىر مىسقالدىن سېرىقئوتنى سوقۇپ سۈت بىلەن ئىچىدۇ. يەنە بىر خىل ئوت بار بولۇپ، ئۇنى «شاھتەرە» دەيدۇ. ئۇنىمۇ ئادەملەر دورا ئۈچۈن يەيدۇ، ئۇلاغمۇ يەيدۇ. سۈتلۈكئوت، خوخائوت، كەكرۈنئوت، چۆزگۈنوت، يۆگىمەچئوت، چىرائوت، چىمئوت، شىۋەئوتلارنى ئۇلاغ يەيدۇ، ئادەم يېمەيدۇ. شىۋاقئوتنىمۇ ئۇلاغ يېمەيدۇ. دۆگەنئوت دەپ قارا ئوت بار بولۇپ، ئۇنى ئۇلاغ يەيدۇ. لاڭخائوت ئانچە كۆپ ئەمەس بولۇپ، باغلاردا، كۆللەردە ئۈنىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە گۈلى چوڭ ، يىلتىزى تاتلىق بولۇپ، گۆش بىلەن يېسە ئوبدان غىزا بولىدۇ. كىشىلەر بۇ ئوتنى كۆپ يېسە كىشىگە ھەمىشە باھار تۇيغۇسىنى بېرىدۇ، دېيىشىدۇ. گۈلى ھەمىشە ئېچىلىپ تۇرىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇرۇقى پىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن چېچەكلەپ گۈل چىقىرىپ، باش باھاردىن كۈز ۋە قىشقىچە گۈل چىقىرىپ چېچەكلەپ، ئۇرۇقى پىشىپ تۇرىدۇ. چىغىرتماق ئاچچىق بولغاچقا ھېچنېمە يېمەيدۇ، بىراق ئۇنى قورۇتۇپ پىچان قىلىپ قوي بورداپدىغانلار بورداق قويغا بېرىپ سەمرىتىدۇ. يەنە بىر خىل ئوت چىغ بولۇپ، ئۇنى كالا يەيدۇ. پىشقاندا ئوراپ، سوقۇپ، يۇمشىتىپ كۆلا قىلىپ ساتىدۇ. يەنە بىر خىلى ياغاچتىن ئاغرامچا بولىدۇ. دېھقانلار مەخسۇس قوش قاتار ۋاقتىدا ئاشۇ كۆلانى ئىشلىتىدۇ. تاغ گىياھلىرىدىن بىرى بىنەپشە بولۇپ، ئۇ بىر دورىلىق ئوتتۇر. ئۇنى قوي يەيدۇ، ئۇنداق قوينىڭ گۆشى تاتلىق بولىدۇ. سانجۇ ۋە كىلياڭ تاغلىرىدا ئىنتايىن كۆپ.

## ئوتياشلارنىڭ بايانى

ئوتياش تېرىيدىغان يەرگە قىغ قويۇپ، ئوبدان ئىشلىمىسە ئانچە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن گەندە قويۇپ ئىككى ـ ئۈچ نۆۋەت ئۆرۈپ، تىرنا، تۆمۈر تارماق بىلەن مالتىلاپ كىچىك ـ كىچىك ئېتىز قىلىپ، ئاندىن ئۇرۇق سېلىپ ئوتياش تېرىيدۇ. بەزى ئوتياشلارنى چۆنەك تارتىپ ئۇرۇق تىكىدۇ. ئوتياشلارنىڭ ئۇرۇقلىرى خاقان ئىقلىمىدىن كەلگەن. ئازراق ئوتياشلار باشقا شەھەرلەردىن كەلگەن. چامغۇر، يۇمغاقسۈت، پىياز، سەۋزە، زىرە، پىننە، جۇۋۇنى، ئارپابەدىيانلار كونا ئوتياشلاردۇر. خېنىنى قىز باللار، ياش چوكانلار قولىغا ياقىدۇ. ئوسمىنى چوكانلار، قىز باللار قېشىغا قويىدۇ. خاقان ئىقلىمىدىن چىققان ئوتياشلار بەسەي، چىڭسەي، پالەك، ئوسۇڭ، جاڭدۇ، چەيزە، جۇسەي، كۆك تۇرۇپ، قىزىل تۇرۇپ، سامساق، چېچەكسەي، كاللاكسەي، تەرخەمەك، پەمىدۇر، دادۇر، ئاق بوداچ، قىزىل بوداچ، دۇڭگۇ، كوگۇ، سۇگۇ، لاڭقۇ قاتارلىق ئوتياشلاردۇر.

ئىزاھاتلار:

① ئۇجمە — ئۈژمە
② سۆخەك شاپتۇل — شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى
③ نەشفەتى — نەشپۈت
④ قاۋغۇن — قوغۇن
⑤ ئەنجىر — ئەنجۈر
⑥ غەينالۇ — ئەينۇلا
⑦ بەئزى — بەزى
⑧ كوڭرۇ — كەڭرى
⑨ ياركەن — يەكەن
⑩ كاشقەر — قەشقەر
⑪ سانجۇ — گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسى
⑫ بەدەخشان — بۈگۈنكى تاجىكىستاننىڭ بەدەخشان ئوبلاستى.
⑬ شەكال — شاكال
⑭ قالىن — قېلىن
⑮ ئۆكچە — مېغىز، ئۇرۇقچا
⑯ ئۆزۈم قىسىملىرى — ئۈزۈمنىڭ تۈرلىرى
⑰ ئالىپ بارىپ — ئېلىپ بېرىپ

⑱ فائىدە ـــ پايدا
⑲ دەرەخت ـــ دەرەغ
⑳ تەئمى ـــ تەم
㉑ ئەرتەياز ـــ ئەتىياز
㉒ يافراغ ـــ يوپۇرماق
㉓ مەغزى ـــ مېغىزى
㉔ شافتۇل ـــ شاپتۇل
㉕ ئارمۇت ـــ ئامۇت
㉖ ئاراسىغا ئالىپ ـــ ئارىسىغا ئېلىپ
㉗ پەرزەباد ئالماسى ـــ پەيزاۋات ئالمىسى
㉘ ئالا كۆرۈنۈش ـــ سۆرۈن، سايە جاي
㉙ دارۇ ـــ دورا
㉚ تەبىب ـــ تېۋىپ
㉛ قىۋام ـــ قىيام
㉜ زەردەك ـــ سەۋزە
㉝ شەكەر ـــ شېكەر
㉞ كوزە ـــ كوزا
㉟ ئىئتىبار ـــ ئېتىبار
㊱ مەئدە ـــ مەيدە
㊲ غەئنۇلا ـــ ئەينۇلا
㊳ ئالىشتۇرادۇ ـــ ئېلىشتۇرىدۇ
㊴ مارالباشى ـــ مارالبېشى
㊵ تاربۇز ـــ تاۋۇز
㊶ بۇي ـــ ھىد، پۇراق
㊷ بەئەينىھ ـــ بىئەينى
㊸ گوشت ـــ گۆش
㊹ بەتتە ـــ بەتتە پولۇ
㊺ گاڭپاڭ ـــ گۇرۇچ ئاش (مىغەن)
㊻ يۇنانى ھۆكەما ـــ غەرب تېبابىتى
㊼ دارۇ ـــ دورا
㊽ سانجۇ ـــ گۇما ناھىيەسىنىڭ سانجۇ يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ
㊾ كېلىيان ـــ گۇما ناھىيەسىنىڭ كىلىياڭ يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ
㊿ تەربىدۇرغان ـــ تېرىيدىغان
51 ئىشلەمەسە ـــ ئىشلىمىسە
52 نەۋبەت ـــ نۆۋەت، قېتىم
53 پازا ـــ تىرنا، خەنزۇچە 耙子 دېگەن سۆز.
54 مالقۇشلاپ ـــ مالتىلاش
55 خاقانى ئىقلىم ـــ جۇڭگو
56 جۇۋۇنى ـــ ئارپابەديان تىپىدىكى بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك
57 كۆھنە ـــ كونا، بۇرۇنقى
58 بەئسەي ـــ بەسەي، يېسىۋىلەك
59 چەئلاڭ ـــ چېچەكسەي
60 لاڭخار بەسەي ـــ كاللەكبەسەي

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

# شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى

ئاپتورى: ياڭ فۇشۆ، نيۇ رۇجى
تەرجىمە قىلغۇچى: خالىق ئاۋۇت

## كىرىش سۆز

دۇنخۇاڭ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى قەدىمكى زاماندا مىللەتلەر يازما يادىكارلىقلىرى ئارىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى، ئۇلارنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى، دىنى، تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسىي ماتېرىيالدۇر. بۇ يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى بىرقەدەر مەركەزلىك ساقلىنىدىغان بولۇپ، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى، جەمئىيىتى، مەنسەپ تۈتۈقلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەر تارىخى ۋە 10 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان گۇاجوۋ، شاجوۋ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، شۋېتسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيەلەردىكى ۋە ئېلىمىزدىكى يىغىپ ساقلىغۇچى ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، يىغىپ رەتلەش تولىمۇ تەس ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ئېلىمىزدىكى ئالىملار توختىماي تەتقىق قىلىپ، ئاخىر نەتىجىگە ئېرىشتى. بىراق، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ئىزچىل مەخسۇس تېمىدا رەتلەنمىدى ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىدى. ياڭ فۇشۆ بىلەن نيۇ رۇجى شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىنى تۇنجى قېتىم رەتلەپ، شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، گۇمران بولۇشى، ھاكىمىيەت تەشكىلاتى، جەمئىيەت خاراكتېرى، ئىقتىساد، سودا ئىشلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق دەلىللەپ، «شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى» دېگەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ سىستېمىلاشقانلىقىدىن، تەتقىقاتنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## 1 ـ قىسىم تارىخىي نەزەرىيەۋى بايانلار

### 1 ـ باب شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋال تېپىشى

دۇنخۇاڭ تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت قىلغان ۋاقتى نەچچە يۈز يىلغا يېتىدىغان بولۇپ، مول تارىخ ـ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان، ئۇزاقتىن بېرى ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىلىم

ساھەسىدىكىلەر بۇ مىراسلارنى تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەمما، ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكىدىن يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخى كىشىلەرنىڭ يېتەرلىك ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى، مەسىلەن، شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى مەۋجۇت بولغانمۇ، يوق؟ دېگەندەك. تۆۋەندە بىز خەنزۇچە تارىخىي كىتابلار ۋە دۇنخۇاڭ ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىغا تايىنىپ، دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى ئۇيغۇر تام رەسىملىرىگە بىرلەشتۇرۇپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## §1. شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى

9 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى موڭغۇل دالاسىدا مۇھىم بىر تارىخىي ۋەقە يۈز بەردى — شىمالىي چۆللۈكتە بىر مەھەل قۇدرەت تېپىپ دەۋر سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقى يېنىسەي ۋادىسىدىكى خاككاسلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، خانلىقىنىڭ ئوردىسى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. «كونا تاڭنامە»نىڭ 195 ـ جىلدى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇيغۇرلارنىڭ باش بۇيرۇقى سارجىق پان تېگىن، نەنلۇۋ ئېغىن قاتارلىق بەش قېرىنداشنى قوغداپ، 15 قەبىلىنى ئېلىپ كۇنچىقىشتىكى قارلۇقلارنى پانا تارتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ بىر بۆلىكى تۇبۇتلەردىن پاناھلىق ئىزدىدى، يەنە بىر بۆلىكى ئەنشىگە كۆچتى.»

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قارلۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قارلۇق خانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي گىرۋەكلىرىدىكى «ئىتائەت قىلغان قارلۇقلار»نى كۆرسىتىدۇ. ئەنشى دېگەندە، تاڭ سۇلالىسى زامانىدىكى غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق قوچۇ، بەشبالىق ۋە كۇسەننى مەركەز قىلغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنداق بولسا تۇبۇتلەرچۇ؟ بۇ تۇبۇتلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى خېشى (سارىغ ئۆگۈز، يەنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كۇنپېتىشى) رايونىنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى چاغدا تۇبۇتلەر خېشى، لۇڭيۇ ۋە ئۇيغۇرلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. بۇ «تارقاق ئولتۇراقلاشقان جايلار»نىڭ ئاساسىي ئەھۋالى توغرىسىدا «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «تاڭغۇتلار ھەققىدە خاتىرىلەر»نىڭ 3 ـ جىلدىدا ئوخشاشلا بىرقەدەر ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان.

«ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بارا ـ بارا زاۋالغا يۈزلىنىپ، گەنجوۋ، لياڭجوۋ، گۇاجوۋ، شاجوۋ ئايماقلىرى ئارىسىدىكى جايلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشتى. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ، جەمەت بويىچە چېدىرلارغا بۆلۈنگەنىدى.»

سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن خۇڭ خاۋ «دەشت ـ چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم. ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسىرىدىمۇ مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

«ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بارا ـ بارا زاۋالغا يۈز تۇتقانىكەن. ... ئۇلارنىڭ گەنجوۋ، لياڭجوۋ، شاجوۋ ئايماقلىرىدا كونا جەمەت چېدىر ـبارگاھلىرى بار ئىكەن. كېيىن بىلىشىمچە، تاڭغۇتلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغانىكەن.»

بۇ كىتابتا يەنە مۇنداق خاتىرىمۇ بار:

«ئۇيغۇرلار... تۆت ئايماق (گەنجوۋ، لياڭجوۋ، گۇاجوۋ، شاجوۋ)نىڭ سىرتىدىكى جايلاردا ماكانلىشىپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق بولغان، ئايرىم قەبىلە ئاقساقاللىرى بولغان، ئۇلار بۇدۇر چاچ، ئوپۇر كۆز، قاشلىق كېلىدىكەن. كىرپىكلىرى قويۇق بولۇپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى چاڭگىدەك ئىكەن.»

بۇ خاتىرىلەردىن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن دەۋردە گاۋجوۋ، شاجوۋ تەرەپلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنىڭدىن بۇرۇنلا يۇقىرىقى ئىككى ئايماقنىڭ كۇنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپلىرىدىكى گەنجوۋ، لياڭجوۋ، ئېۋىرغول، قوچۇ، بەشبالىق قاتارلىق جايلارغا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان. بۇ چاغدا تېخى گاۋجوۋ، شاجوۋ ئايماقلىرىدا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانلىقىنىڭ ئېنىق ئالامەتلىرى بىلىنمىگەنىدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال تۇبۇتلەرگە قارام بولغان، كېيىن شاجوۋ ئايمىقىدىكى بەيئەتچى قوشۇن ھاكىمىيىتىگە قارام بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى قەبىلە تەشكىلاتى ــ قوۋم چېدىرى (قوۋم بارگاھى)نى ساقلاپ قالغان.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى شىمالىي چۆللۈكتە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋر سۈرگەن چاغلاردىلا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن فېئوداللىق كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىگە ئۆتكەن. بىراق، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى «پاترىئارخاللىق» تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا خېلى دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلگەن. خانلىقتا 11 تۇتۇق بولغان. توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ھەربىرىدە بىردىن تۇتۇق بولۇپ، ئۆز قەبىلىسىدىكى ئابرۇيلۇق كىشىنى تۇتۇق قىلىپ سايلىغان. تۇتۇق شۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر نىسپىي مۇستەقىل ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە تەشكىلاتى ــ قوۋم چېدىرى (قوۋم بارگاھى) بار ئىدى. ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ بۇ قالدۇقلىرى ئۇلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان. تەخمىنەن 10 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى گۇرۇھىنىڭ كۈچى تەدرىجىي زورايغان ۋە شاجوۋ ئايمىقىنى تەدرىجىي تىزگىنلىگەن. بۇ ھال تارىخ كىتابلىرىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن.

«گاۋجوۋ، شاجوۋ، سۇجوۋ (جيۇچۈەن) ئايماقلىرى ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان قوشۇنلارنىڭ قولىدا ئىدى. مانا ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. جيەنلۇڭ يىللىرى ھەراۋۇل ساۋ يۈەنجۇڭ ئايماقنى ھەدىيە قىلىش ھېسابىغا سۇڭ سۇلالىسىگە بېقىندى.»

. («سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 485 جىلد، «شيا بەگلىكى ھەققىدە قىسسە» ۋە «تاغۇتلار ھەققىدە خاتىرىلەر»نىڭ 6 ـ جىلدىغا قاراڭ)

«تەيپىڭ شىڭگونىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 977 ـ يىلى) قىشتا، (سۇڭ سۇلالىسى) ساراي خاس مەھرىمى فاڭ سەنجىنى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ گەنجوۋ، شاجوۋدا تۇرۇشلۇق جيەنىگە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى. جاڭ سەنجى ئۇلارغا لازىمەتلىك نەرسە، جابدۇق ۋە پۇل بېرىپ، ھارۋا ـ ئاتلىقلارنى كۆركەم جابدۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئات ـ ئۇلاغ، گۆزەل قاشتاشلىرىنى ئېلىپ كەلدى. تەيپىڭ شىڭگونىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 980 ـ يىلى) گەنجوۋ، شاجوۋ ئۇيغۇر قاغانى ياغلاقار مىلىئېي، پېي يى قاتارلىق تۆت كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، تۆگە، ئېسىل ئات، مارجان، كەھرىۋا تەقدىم قىلدى.»

(«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە قاراڭ)

مانا مۇشۇ چاغدىن باشلاپ «شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن سۆز رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەينى چاغدا شاجوۋ ئايمىقىغا ساۋ جەمەتىدىن بولغان بەيئەتچى قوشۇن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. «گەنجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى جىڭچيۇڭ، گاۋجوۋ ۋە شاجوۋ ئايماقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ساۋ جەمەتىدىكىلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا قىستىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ جىڭچۇڭ ئۆزىنى گەنجوۋ، شاجوۋ ئۇيغۇر قاغانى دەپ جاكارلىدى.»

(چيەن بوچۈەن يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنخۇاڭدىكى تارىخى» دېگەن كىتابىغا قاراڭ) شۇنىڭدىن كېيىن، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچى تەدرىجىي زورىيىپ، 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جاي بولۇپ قالدى. مەسىلەن، «تاڭغۇتلارغا دائىر ئىشلار» دېگەن

ئەسەرنىڭ 9 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇيغۇرلار ئەنجۇۋ ئۇيغۇرلىرى، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى، يېڭى فۇجوۋ ئۇيغۇرلىرى قاتارلىق بىرقانچە تۈركۈمگە ئايرىلغان.»

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ قورشاۋدا ياردەمسىز قالغان ساۋ جەمەتى بېيئەتچى قوشۇن ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارغا بويسۇنماقتىن باشقا چارە قىلالمىغان. ساۋشىيەنشۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگە كەلگەندە، گۇاجوۋ ۋە شاجوۋدىكى بېيئەتچى قوشۇن «شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى» دەپلا ئاتىلىپ كەلگەن.

«كەيتەينىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 1014 ـ يىلى ) ياز پەسلى 4 ـ ئايدا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېگى ساۋشىيەنشۇن ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.»

«كەيتەينىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيە 1020 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا، لياۋ سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتىپ، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنخۇاڭ ئىناۋچىخانى ساۋشىيەنشۇنگە كىيىم ـ كېچەك ھەدىيە قىلدى. 9 ـ ئايدا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنخۇاڭ ئىناۋچىخانى ساۋشىيەنشۇن ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.»

(«لياۋ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 15 ـ، 16 ـ جىلدى «شىنزۇڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»گە قاراڭ)

مۇنداق ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى، 11 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە دۇنخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ خېلى زور دەرىجىدە «ئۇيغۇرلىشىپ بولغان»لىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، گۇاجوۋ، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈنچىقىشتىكى قۇدرەتلىك قوشنىسى بولغان گەنجوۋ ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇت ھۆكۈمرانى يۈەن خاۋ تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، قالدۇقلىرى كۆنۈپېتىش تەرەپكە كەتكەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمى گۇاجوۋ، شاجوۋ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ زورايتقان. بارا ـ بارا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچى ساۋ جەمەتى بېيئەتچى قوشۇن ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكىگە ئايلانغان. ساۋ جەمەتىدىكىلەر سىياسىي جەھەتتىلا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قالماي، ھەربىي جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىغا تايانمىسا بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان. 1036 ـ يىلى تاڭغۇت ھۆكۈمرانى يۈەن خاۋ گۇاجوۋ، شاجوۋ ۋە سۇجوۋ (جيۇچۈەن) ئايماقلىرىغا قوشۇن تارتقاندا، ساۋ جەمەتى بېيئەتچى قوشۇنىنىڭ قارشىلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئەينى چاغدا گۇاجۇۋ، شاجوۋ ئەتراپلىرىنىڭ ئەمەلىي غوجىسى بولۇپ قالغان.

## § 2. شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىلادىيە 1036 ـ يىلى تاڭغۇت ھۆكۈمرانى يۈەن خاۋ يەنە قوشۇن باشلاپ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، گۇاجوۋ، شاجوۋ، سۇجوۋ (جيۇچۈەن) ئايماقلىرىنى ئىشغال قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كۆنۈپېتىشىدىكى جايلارنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ جەمەتىدىن بولغان بېيئەتچى قوشۇن ھاكىمىيىتىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كۈنچىقىشىغا قارىتىلغان ھۆكۈمرانلىقىغا تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىلدى. بۇ چاغدا قارشىلىق كۆرسىتىپ چىققان شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوشۇنىمۇ مەغلۇپ بولدى. لېكىن تەلتۆكۈس يوقىتىلمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالدۇق قىسمى شاجوۋغا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇلارنى سۇڭ سۇلالىسى تەرەپتىن چىنجوۋ ئايمىقى بېگى، چىنفېڭ تەرەپنىڭ ئورۇنباسار تۇتۇقى ساۋ سۇڭ قوللىدى ۋە:

«يۈەن خاۋ خۋاڭخې دەرياسىنىڭ كۇنپېتىشىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاغ ئارىسىدىكى جىلغىلارغا قېچىپ بېرىپ ماكانلىشىپ، خەقنىڭ قولىدا تىرىكچىلىك قىلدى. ساۋسۇڭ چىنجوۋ ئايمىقىدا ئۇيغۇرلارنى قولغا كەلتۇرۇپ يۈەن خاۋغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، قوچۇلۇق كونا تونۇش سودىگەر ئارقىلىق ئۇلارغا نىيەت - ئىقبالىنى بىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلنى ئەمىن تاپتۇرغۇچى شاھزادىسى ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات بېرىپ، ‹مەن ئەسلىدە تاڭ پادىشاھىنىڭ جىيەنى ئىدىم، تەڭرىزادە مېنىڭ تاغام بولىدۇ. لى جەمەتى غەربىي لياڭجوۋ ئايمىقىنى ئالغاندىن كېيىن بارا - بارا ئۇلار بىلەن باردى - كەلدىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەمدىلىكتە تاڭغۇتلارغا جازا يۈرۈشى قىلىدىغان ئىش بولسا قوۋمنى باشلاپ چىقىشقا مەن تەييار› دەپ مەكتۇپ يوللىدى.

ئەمما، بۇلار شاجوۋ ئايمىقىغا لەشكەر تارتقان بولسىمۇ، شاجوۋ ئايمىقىنى ئالالمىدى.

(«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ساۋسۇڭنىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ)

بۇ قېتىملىق جەڭگە شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئەلنى ئەمىن تاپتۇرغۇچى شاھزادىسى» قوماندانلىق قىلدى. ئۇنىڭغا «شاھزادە» دېگەن نامنى غەربىي شيا خانلىقىغا قارشى تۇرۇش جەريانىدا ساۋ جەمەتى بەيئەتچى قوشۇنى بەرگەن بولسا كېرەك. مۇنداق نام بېرىش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ لەشكىرىي قوماندانلىرىنىڭ نام - ئاتاق ئادىتىگە ئۇيغۇن.

بۇ قېتىملىق ھۇجۇم كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي شاجوۋ ئايمىقىنى يېڭىباشتىن ئىشغال قىلىشتەك غەلىبىگە ئاساس سالدى.

ئۇنداق بولسا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى شاجوۋ ئايمىقىنى زادى قاچان يېڭىباشتىن ئىشغال قىلغان؟ تۈرلۈك تارىخىي كىتابلاردا بۇ توغرۇلۇق ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، بىراق شاجوۋ ئايمىقىنىڭ جىڭيۇۋنىڭ 4 - يىلى (1037 - يىلى) ئەتىيازدىن باشلاپ سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرغىنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار مۇشۇ يىلدىن سەل بۇرۇن شاجوۋ ئايمىقىنى يېڭىباشتىن ئىشغال قىلغانلىقى ئېنىق. «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار» دېگەن ئەسەرنىڭ 7 - جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەر بار:

«جىڭيۇۋنىڭ 4 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شاجوۋ ئايمىقىنى ئورۇنباسار ئەلچى ياڭگۇ گەيمشنى ئەۋەتىپ قاشتاشتىن ئويۇلغان كالا، سېرىق شاھمات ئۇرۇقى، تۈرلۈك كۆن - خۇرۇم، لاتا - پۇتا، كەھرىۋا، مەستىكى رۇمى، نۆشۇدۇر، چىنار يېلىمى، سېرىق زەمچە، ئېسىل ئاتلارنى سوۋغا قىلدى».

لى تاۋ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ داۋامى»نىڭ 120 - جىلدىدا رېنزۇڭ خان زامانى جىڭيۇۋنىڭ 4 - يىلى ئەتىياز پەسلى 1 - ئايدىكى بىر ئىشنى بايان قىلىپ مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

«كۇسەن بەگلىكى، شاجوۋ ئايمىقىدىن ئەلچى كېلىپ يەرلىك ماللارنى سوۋغا قىلدى.»

شۇنىڭدىن تارتىپ خۋاڭيۇۋنىڭ 4 - يىلى 10 - ئايغا قەدەر بولغان 16 يىلدا شاجوۋدىن سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سەككىز قېتىم ئولپان تاپشۇرۇلغان. بۇ تاڭغۇتلارنىڭ تېخى مۇشۇ يىللاردا شاجوۋغا ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ئۇنداق بولمىغىنىدا مۇنداق ئولپان تاپشۇرۇش ئىشىمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئەينى چاغدا تاڭغۇتلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى كەسكىن توقۇنۇشۇپ تۇرغان. ناۋادا تاڭغۇتلار شاجوۋنى راستىلا تىزگىنلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان بېرىشكە يول قويۇشى ناتايىن.

تاڭغۇتلارنىڭ شاجوۋغا ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغانلىقىنى يەنە 1040 - يىلى شيەن يىللىرى

ئوردىغا سۇنۇلغان مەكتۇپتىن دەلىللەشكە بولىدۇ:

«ئۇيغۇرلار گۇسلو (توبوت هۆكۈمرانى)نىڭ ئىلكىدىكى زېمىننىڭ كونىپتىشىدا تۇرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار قوشۇنىدىن پايدىلىنىپ توبوتلەرنى تىنچىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىش ئارقىلىق ئۆز دۈشمىنىنى ئىككى ياقتىن ئىسكەنجىگە ئالغان.» («ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ داۋامى»غا قاراڭ).

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار شۈبھىسىزكى گاۋجۇ، شاجۇ تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا سۇڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە تاڭغۇتلارنى ئىككى ياقتىن ئىسكەنجىگە ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشكەن. دېمەك، شاجۇ بىلەن گاۋجۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بولۇپ، تاڭغۇت هۆكۈمرانلىقىغا قارىمىغان. شۇڭا، 1044 ـ يىلى يېزىلغان «قوراللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان. تىبەتلەرنىڭ پاسلى» دېگەن ئەسەردە تاڭغۇتلارنىڭ زېمىنى توغرىسىدا توختالغاندا، «(تاڭغۇتلارنىڭ) ئىلكىگە هازىر شياجۇ، يىنجۇ، سۈيجۇ، يۇۋجۇ، لىڭجۇ، خۇيجۇ، يەنجۇ، لەنجۇ، شېڭجۇ، لياڭجۇ، گەنجۇ، سۇجۇدىن ئىبارەت 12 ئايماق بار» دېيىلگەن. لېكىن گاۋجۇ بىلەن شاجۇ بۇلارنىڭ قاتارىدا سانالمىغان.

يۇقىرىقىلاردىن بىز شۇنداق قاراشقا كېلەلەيمىزكى، ئۇيغۇرلار 1036 ـ يىلى شاجۇنى هۇجۇم قىلىپ ئالغان. شاجۇ ئۇيغۇر خانلىقىمۇ شۇ يىلى قۇرۇلغان بولسا كېرەك. ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «شاجۇنىڭ ئەلنى ئەمىن تاپتۇرغۇچى شاهزادە» بۇ خانلىقنىڭ تۇنجى خاقانى بولغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 40 ـ نومۇرلۇق (B) يازما يادىكارلىقتىن ئۇنىڭ خان دەپ ئاتالغانلىقىنىڭ دەلىلىنى كۆرۈۋالالايمىز.

1. ... لىق ئىككى
2. ... چوغلۇق (يورۇق) تۆت ئەتراپقا
3. مۇكەممەل، ئىككىسىگە تاج ئەرزىيتتى.
5. زېمىن ۋە سۇدىكى ئۇلۇغ، ئىرادىلىك، كۈچلۈك
6. دۆلەت ئىگىسى، يەڭگۈچى، قۇت تاپقان، ئالقىشلانغان
7. ئېزگۈ ئاتىقى مىڭ مەدھىيەلەرگە لايىق
8. ئالقىشلاشقا لايىق كۆن تەڭرىدە
9. قۇت بولمىش سائادەتلىك ئەل تۇتمىش
10. ئالىپ (باتۇر) قۇتلۇغ ئۇلۇغ بىلگە ئۇيغۇر تەڭرى
11. ئۇيغۇرخان قۇتىغا (ئالىيلىرىغا)

بۇ تېكىستتىكى «ئەل تۇتمىش» دېگەن ئىبارە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىكى «ئەلنى ئەمىن تاپتۇرغۇچى شاهزادە» دېگەن ئىبارىگە باراۋەر كېلىدۇ.

(كۆپ چېكىت قويۇلغان جايلار ئەسلىي يازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن)

## § 3. شاجۇ ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ نەسەبى

يۇقىرىدا ئېيتىلغان «ئالىپ (باتۇر) قۇتلۇغ بىلگە ئۇيغۇر تەڭرى ئۇيغۇر خان»نىڭ شاجۇ ئۇيغۇر

خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىيەتنامە «Or . 212 ـ 116» (116 ـ نومۇرلۇق يازما يادىكارلىق)دىكى «تەڭرى دۆلەت ئىگىسى قىلغان ئۇيغۇر خان» (tangri ellig uy yur xan)مۇ دەل ئۇنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ يازما يادىكارلىق شاجوۋ ئۇيغۇر خانىغا يېزىلغان بىر پارچە مەكتۇپنىڭ باش قىسمى بولۇپ، مۇنداق دېيىلگەن:

1. تەڭرى دۆلەت ئىگىسى قىلغان ئۇيغۇر خان
2. يىراقتىن مۇھىم بىلىپ ھەم ياخشى كۆرۈپ يارلىقىمىزدا
3. كۆڭلىمىزدىكىنى ئېيتتۇق

بۇ خاقان تەختتىكى مەزگىلدە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئەپ ئۆتۈش ئارقىلىق تاڭغۇتلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە كۆپ قېتىم سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان بەرگەن.

بىرىنچى قېتىم، «جىڭيوۋنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1037 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شاجوۋ ئايىمىقى ئورۇنباسار ئەلچى ياڭگۇ گەيمىشنى ئەۋەتىپ قاشتاشتىن ئويۇلغان كالا، سېرىق شاھمات ئۇرۇقى، تورلۇك كۆن ـ خۇرۇم، لاتا ـ پۇتا، كەھرىۋا، مەستىكى رۇمى، نۆشۇدۇر، چىنار يېلىمى، سېرىق زەمچە ۋە ئېسىل ئاتلارنى سوۋغا قىلدى.»

ئىككىنچى قېتىم، «جىڭيوۋنىڭ 4 ـ يىلى 6ـ ئايدا شاجوۋ باش ئەلچىسى ياڭگۇگەي، ئورۇنباسار ئەلچى زەي يەنشۇن ئولپان ئېلىپ كەلدى.»

ئۈچىنچى قېتىم، «كاڭدىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1040 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا شاجوۋ ئايىمىقى ئادەم ئەۋەتىپ يەرلىك ماللارنى سوۋغا قىلدى.»

تۆتىنچى قېتىم، «كاڭدىڭنىڭ 2 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شاجوۋ ئايىمىقىدىن باش ئەلچى ئەن ئېجى، ئورۇنباسار ئەلچى لى جىلار ئوردىغا سوۋغات ئېلىپ كەلدى.» («سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار»نىڭ 5 ـ، 7 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ)

چىڭلىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1042 ـ يىلى) 2 ـ ئايغا كەلگەندە، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئولپانلىرى يەنە بىر قېتىم ئوردىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ئەلچى «شاجوۋ شىمالىي قورغان قاغانى» تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن.

بۇنى تۆۋەندىكى باياندىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

«چىڭلىنىڭ 2 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شاجوۋ شىمالىي قورغان قاغانى باش ئەلچى مى، ئورۇنباسار ئەلچى جاڭ جىنلىڭ، خې يەنجىن، باش ئەلچى ساۋ تۇتۇق، باش ئەلچى زەي قاتارلىقلاردىن ئوردىغا سوۋغات ئەۋەتتى.» («سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار»نىڭ 5 ـ جىلدىغا قاراڭ)

بۇ شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى قاغانى 1041 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، شاجوۋ شىمالىي قورغان قاغانىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يېڭى قاغان تەختتىكى چاغدىمۇ يەنىلا سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان بېرىشتەك مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن تارتىپ خۇاڭيوۋنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1052 ـ يىلى)غىچە بولغان تۆت يىلدا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى يەنە تۆت قېتىم سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان بەرگەن.

بىرىنچى قېتىم، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن چىڭلىنىڭ 2 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئوردىغا ئولپان بەرگەن.

ئىككىنچى قېتىم، «خۇاڭيوۋنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1050 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا شاجوۋ ئايىمىقىدىن

فۇگۇدۇ، موسپوۋېنلار قاشتاش سوۋغا قىلدى».

ئۈچىنچى قېتىم، «شۇ يىلى 10 ـ ئايدا شاجوۋدىن ئەلچى كېلىپ يەرلىك ماللارنى سوۋغا قىلدى.»

تۆتىنچى قېتىم، «خۇاڭيوۋنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1052 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شاجوۋدىن ئەلچى كېلىپ يەرلىك ماللارنى سوۋغا قىلدى.» («سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار»نىڭ 5 ـ، 7 ـ جىلدلىرىغا قاراڭ)

شۇنىڭدىن كېيىن ئولپان، سوۋغات بېرىش ئىشىغا ئائىت خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. بىزنىڭ قىياسىمىزچە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي «شاجوۋ شىمالىي قورغان قاغانى» ئۆلۈپ كېتىپ، تەختكە باشقا بىر يېڭى قاغان ۋارىسلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەينى چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا سۇڭ سۇلالىسى، لياۋ سۇلالىسى ۋە تاڭغۇت خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ھەمىشە ئۇرۇش قىلىپ تۇرغانلىقى، تاڭغۇتلار جەڭدە كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئۆز ئىشىغا ئالدىراپ كۈنىپېتىش تەرەپكە قاراشقا چولىسى تەگمىگەنلىكى سەۋەبلىك شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ئەڭ زور تەھدىتتىن قۇتۇلغان. شۇنىڭ بىلەن يېڭى قاغان سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان بېرىش مۇناسىۋىتىگە خاتىمە بەرگەن. شىمالىي قورغان قاغانى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل مابەينىدە شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىدا يەنە قانچە يېڭى قاغان ئۆتكەن؟ بۇ توغرۇلۇق خەنزۇچە ماتېرىياللار بەك كەمچىل، لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، «كۆلۈگ چوغلۇق» دەيدىغان بىر قاغان ئۆتكەندەك قىلىدۇ. مەسىلەن، 3071 . p ـ نومۇرلۇق بىر يۆگەم يازما ماتېرىيال (37 ـ نومۇرلۇق مەكتۇپ)نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 10 ـ ~ 11 ـ قۇرىدا مۇنداق گەپلەر بار:

«tagin tim kulug corlur xanimiz ati yadilzun» «ئابرۇيلۇق، شاۋكەتلىك ئۇلۇغ خانىمىزنىڭ ياخشى ئاتىقى ئەتراپقا تارالسۇن.»

شۇغىنىسى، بۇ خاننىڭ تەختتە ئولتۇرغان كونكرېت يىل دەۋرىنى ئېنىقلاشقا ئامال يوق. شۇڭا، پەقەت 1052 ـ يىلدىن 1069 ـ يىلغىچە دەۋر سۈرگەن، دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

## § 4. شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يوقىلىشى

خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدىكى خاتىرە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى زامانى خۇاڭيوۋنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1052 ـ يىلى)غا كېلىپلا ئاخىرلىشىدۇ. مۇشۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك ماللارنى سوۋغا قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىدا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى توغرىلىق خاتىرە ئۇچرىمايدۇ. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخ خاتىرىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، يازما يادىكارلىقلاردا ئېنىق يىلنامە بولمىغاچقا، شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخنى بايان قىلىشقا ئىمكان يوق.

ئۇنداق بولسا شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى قاچان تاڭغۇتلارنىڭ قولىدا مۇنقەرز بولغان؟ تارىخ كىتابلىرىدا بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق خاتىرە ئۇچرىمايدۇ. ياپونىيەلىك ئالىم ئوكازاكى شورو دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىمى ۋە بېغىشلىمىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تاڭغۇتلار ئەڭ بۇرۇن دېگەندە 1073 ـ يىلى دۇنخۇاڭغا ئۇنۇملۇك ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان دەپ قارىغان. بۇ كۆز قاراشنى ياپونىيەلىك يەنە بىر ئالىم مورىياسۇتاكائۇ ياقلىغان. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ بۇرۇن

تاڭغۇت يىلنامىسى بىلەن ئېنىق بېغىشلىما يېزىلغان تاشكېمىر 444 - نومۇرلۇق تاشكېمىردۇر. بۇ تاشكېمىرنىڭ ئىشىك ماڭلىيى ۋە جەنۇبىي تۈۋرۈكنىڭ ئىچ يېنىغا خەنزۇچە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان.

«تيەنسى لىشېڭ گوچىڭنىڭ 2 - يىلى»

(تاڭغۇت خانلىقىنىڭ بۇ يىلنامىسى «天赐礼盛国庆») دېگەن ئالتە خەتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، «تەڭرىنىڭ ھىممەت - شاپائىتى ۋە تارتۇقى بىلەن ئەلگە بەرىكەت ياغقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.)

«ئۇستاز ... بۇددىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ... »

«تيەنسى لىشېڭ گوچىڭنىڭ 2 - يىلى» (تەڭرىنىڭ ھىممەت - شاپائىتى ۋە تارتۇقى بىلەن ئەلگە بەرىكەت ياغقان زامانىنىڭ 2 - يىلى) دېگىنى تاڭغۇت خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئەۋلاد پادىشاھى بىڭچاڭنىڭ يىلنامى بولۇپ، مىلادىيە 1071 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىگە تاڭغۇت يىلنامىسى سېلىنغان بېغىشلىمىلار تەدرىجىي كۆپەيگەن. بۇ شاجوۋنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا تاڭغۇتلارغا قارىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنداق بولسا گۇاجوۋچۇ؟ گۇاجوۋ تاڭغۇت خانلىقىغا شاجوۋدىنمۇ بۇرۇن تەۋە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان تاڭغۇت يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق «گۇاجوۋ دەۋا - دەستۇر ئارخىپى»نىڭ قالدۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، تاڭغۇت خانى خۇيزۇڭ، يەنى لى بىڭچاڭ زامانى تيەنسى لىشېڭ گوچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1070 - يىلى) دىن 2 - يىلغىچە ئارىلىقتىكى گۇاجوۋ ئاھالىسىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسىغا چىقىرىلغان ھۆكۈمنامىدۇر. ئۇنىڭدا تاڭغۇت خانلىقىنىڭ گۇاجوۋدىكى ئەمەلدارىنىڭ سودىگەرنىڭ چارۋا مال ئېلىپ - سېتىش، يىپەك - دۇردۇن تېگىشىش سودىسىدا قاقتى - سوقتى قىلىش ئىشىغا سوت ئېچىپ ھۆكۈم چىقىرىش جەريانى خاتىرىلەنگەن. تاڭغۇت خانلىقى قويغان ئەمەلدارنىڭ پۇقرانىڭ ئادەتتىكى دەۋا - دەستۇرىغا شۇنچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانلىقى مۇشۇ يىلدىن ئىلگىرىلا تاڭغۇتلارنىڭ گۇاجوۋنى يېڭىباشتىن ئىشغال قىلغانلىقى ھەم ئۇ يەردە تاڭغۇت خانلىقىنىڭ مەھكىمىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنۇملۇك ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى ۋە ئەنشىدىكى يۇلىن (قارىياغاچلىق) تاشكېمىرىدىكى تام رەسىملىرىدىن قارىغاندا، ئىككى جايدىكى رەسىم ئۇسلۇبى روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ بەلكىم تاڭغۇت خانلىقىنىڭ بۇ يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە ھۆكۈمرانلىق كۈچىنىڭ قۇدرەتلىك ياكى ئاجىزلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

گۇاجوۋ ۋە شاجوۋنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قولدىن كەتكەنلىكى شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى قۇرغان ھاكىمىيەتنىڭ 11 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ئاخىرىدا مۇنقەرز بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## § 5. شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت تاشكېمىرلار ۋە ئۇيغۇر خانىنىڭ تېۋىنىۋاتقان رەسىمى

ئۇيغۇرلار شىمالىي چۆللۈكتىكى چاغدىلا بۇددا دىنى بىلەن ئۇچراشقان. لېكىن، بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرى چوڭ بولمىغان. ئەينى چاغدا ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان دىن بۆگۈ قاغان زامانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كىرگەن دۆلەت دىنىلىق ئورنىغا ئىگە بولغان مانى دىنى ئىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، شۇ يەرلەردە ئۇزاقتىن بېرى تارقىلىپ كەلگەن بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەل - ئاۋامنىڭ كۆپ قىسمى ئارقا - ئارقىدىن بۇددا دىنىغا كىرگەن. ئەمما، خان جەمەتىدىكىلەر ئارىسىدا يەنىلا مانى دىنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە دىنىي يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مانى دىنىغا دائىرلىرى بەك ئاز. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇيغۇر خان ۋە خان جەمەتى ئەزالىرىنىڭ ئىسمى كۆپىنچە ئاشۇ ئازلا مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدۇ، ئەمما دىنىي يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلاردا خان ۋە خان جەمەتى ئەزالىرى كەمدىن ـ كەم ئېلىنغان، بۇ خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلايدۇ.

شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە دۇنخۇاڭدىكى بۇددا دىنى ئىشلىرى داۋاملىق تەرەققىي قىلغان. خان جەمەتى تاشكېمىر قېزىشنى ۋە تۈرلۈك بۇددا دىنى مۇراسىملىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان. نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. نۇرغۇن بۇددا تاشكېمىرلىرىنى يېڭىباشتىن قازدۇرغان، رېمونت قىلدۇرغان ۋە تاشكېمىرلارغا تام رەسىملىرىنى يېڭىباشتىن سىزدۇرغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ خېلى تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئەھۋال يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا جاڭ داچيەن ئەپەندى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى ئارىسىدىكى بەش غارنى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ، دەپ ئايرىغان. (جاڭ داچيەن ئەپەندى يازغان، 1985 ـ يىلى تەيبېيدا نەشر قىلىنغان «دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى» دېگەن ئەسەردە، بۇ غارلارغا 53 ـ، 98 ـ، 99 ـ، 172ـ، 308 ـ دەپ نومۇر قويۇلغان. بۇلار دۇنخۇاڭ تەتقىقات يۇرتى نومۇر سالغان 237 ـ، 309 ـ، 310 ـ، 368 ـ، 464 ـ نومۇرلۇق غارغا توغرا كېلىدۇ.) مۇشۇ ئاساستا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ليۇ يۈچۈەن ئەپەندى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىپ، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى، شىچيەن بۇددا غارلىرى ۋە يۈلىن (قارىياغاچلىق) تاشكېمىرلىرى ئارىسىدىكى شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ 23 غارنى ئايرىپ چىقتى ھەمدە ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، بۇ غارلارنىڭ قېزىلغان مەزگىلى ۋە مۇناسىپ يىل دەۋرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. (64 ـ بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

جەدۋەلدىن مەلۇمكى، ئاپتور بۇ 23 غارنى ئالدىنقى ۋە كېيىنكى مەزگىل دەپ ئىككى مەزگىلگە ئايرىغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى مەزگىلدىكىنىڭ مۇناسىپ يىل دەۋرى ئاپتور كۆرسىتىپ ئۆتكەن شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولغان يىل دەۋرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بىر ـ بىرىنى دەلىللەپ تۇرىدۇ. ئەمما، كېيىنكى مەزگىلنىڭ يىل دەۋرىنى يېڭىباشتىن دەلىللەپ كۆرمەي بولمايدۇ. مەسىلەن، كېيىنكى مەزگىلدىكى دەپ ئايرىلغان دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرى ئارىسىدىكى 409 ـ، 237 ـ، 148 ـ نومۇرلۇق تاشكېمىردە ئۇيغۇر قاغان، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شاھزادىسى ياكى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ خوتۇنى تېۋىنىۋاتقان رەسىم بار. بۇ مۇشۇ تاشكېمىرلارنىڭ ئۇيغۇر خان جەمەتىگە مەنسۇپلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ تاشكېمىرلارنىڭ شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، تاڭغۇتلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا قېزىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ليۇيۈچۈەن ئەپەندى ئاساسلانغان تارىخىي ماتېرىياللار «جىن دۆلىتى تارىخى» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ داۋامى» دۇر. «جىن دۆلىتى تارىخى»نىڭ 3 ـ جىلدى «تەيزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرىلەر»دە مۇنداق دېيىلگەن:

«تيەنخۇينىڭ 5 ـ يىلى (1127 ـ يىلى) ..... قىش پەسلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى قۇسسان ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى.»

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ داۋامى»نىڭ 100 ـ جىلدىدا، بۇ يىل توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان:

«قىش پەسلى 10 ـ ئايدا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىدىن ئەلچى كېلىپ ئالتۇن سوۋغا قىلدى.»

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شاجوۋنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە شاجوۋ ئايمىقىنىڭ غەربىدىكى ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ زېمىنلىرى تۇتىشىدىغان بەلباغدىكى «سارىخ (باش) ئۇيغۇر»لاردۇر. بۇ توغرىسىدا كېيىن توختىلىمىز. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ غارلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خان جەمەتىگە مەنسۇپ غارلار شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قېزىلغان ۋە ياسالغان بولۇشى كېرەك.

«دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى ئارىسىدىكى 409 ـ تاشكېمىرغا سىزىلغان ئەر پېرسوناژنىڭ تۇرقىدىن تامامەن ئۇيغۇر ئۇسلۇبى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇچىسىغا يۇمىلاق ياقىلىق، تار يەڭلىك ئەجدىھا كەشتىلىك تون كىيىپ، بېلىگە كەمەر باغلىغان، كەمىرىگە تاش ۋە ئويماق دېگەندەك يەتتە جابدۇق (چاقماقتاش، بىلەي، خەنجەر، بىگىز، يىڭنە خالتىسى، يانىڭ كىرىچىنى تارتقاندا بارماق ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ئويماق، شوينا) ئېسىۋالغان، پۇتىدا ئۆتۈك، بېشىدا ئۇچلۇق بۆك بار. يۈزى يۇمىلاق بولۇپ، كۆزلىرى سۆگەت يوپۇرمىقىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. قاڭشارلىق، جاۋغىيى يۇقىرىلاپ تۇرىدۇ؛ قولىدا ئىسرىقدان كۆتۈرۈۋالغان، ئارقىسىدا سەككىز تامغاچ ئەگىشىپ ماڭغان بولۇپ، بېشىغا مالىخاي، ئۇچىسىغا يۇمىلاق ياقىلىق، تار يەڭلىك كالتە تون كىيگەن، بېلىگە جابدۇقلىرى ئېسىلغان كەمەر باغلىغان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، قولىغا سايىۋەن، يەلپۈگۈچ، كامان، شەمشەر، قالقان، تۆمۈر چويلا قاتارلىقلارنى ئېلىۋېلىشقان. بۇلارنىڭ تۇرقى تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيدىكى تام رەسىملىرى ۋە جىمسار بەشبالىقتىكى كۇنپېتىش ئىبادەتخانىسىدىكى رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇر قاغان ۋە ئاقسۆڭەكلەر رەسىمىدىكى كىيىنىش، جابدۇنۇش ئەھۋالىغا ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، رەسىمدىكىسىنىڭ ئۇيغۇر قاغان ياكى ئاقسۆڭەكلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەنشىدىكى يۇلىن (قارىياغاچلىق) تاشكېمىرىدىنمۇ سالاھىيىتى يۇقىرىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇيغۇر ئەرنىڭ رەسىمىنى ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن، يۇلىن (قارىياغاچلىق) تاشكېمىرلىرى ئارىسىدىكى 39 ـ نومۇرلۇق كېمىرنىڭ دالانغا تۇتىشىدىغان كارىدورىنىڭ جەنۇبىي تېمىدىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن 1 ـ، 2 ـ پېرسوناژ كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى بەكرەك قوزغىغان. 1 ـ پېرسوناژ بېشىغا ئۈچ ئۇچلۇق تاجسىمان بۆك، ئۇچىسىغا ياقىسى بەكرەك يۇمىلاق، يېڭى تار بېغىررەڭ يوغان گۈللۈك ئۇزۇن تون كىيىپ، بېلىدىكى كەمىرىگە بىگىز، خەنجەر ئېسىۋالغان، رەسىمدىكى پېرسوناژ بېشىنىڭ سول يېنىدىكى بوش جايغا بېغىشلىما رامكىسى چىقىرىلغان بولۇپ، رامكا ئىچىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بىر قۇر بېغىشلىما يېزىلغان. لېكىن، خەتنى ئوقۇماق تەس؛ 2 ـ پېرسوناژ بېشىغا مالىخاي، ئۇچىسىغا يېشىل ئۇششاق گۈللۈك ئۇزۇن تون كىيگەن، كىيىم ـ كېچەكلىرى، چىراي تۇرقى، تەن قۇرۇلۇشى 1 ـ پېرسوناژنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قولىغا پالاق ئېلىۋالغان مەھرەم بار. قارشى تەرەپتىكى شىمالىي تامدا بېزەكلىكتىكى خانىشنىڭ رەسىمىگىچە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئايال تېۋىنغۇچىنىڭ رەسىمى بار. بىز باشقا تاشكېمىرلاردىكى رەسىملەرنىڭ جايلىشىشى ۋە تىزىلىشىغا بىرلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي تامدىكى رەسىمدە تەسۋىرلەنگەن 1 ـ پېرسوناژنى ئۇيغۇر قاغانى، 2 ـ پېرسوناژنى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ شاھزادىسى، قارشى تەرەپتىكى شىمالىي تامغا سىزىلغان ئايال تېۋىنغۇچىلارنى پادىشاھنىڭ خوتۇنى ھەم مۇلازىملىرى، دەپ ئېيتالايمىز. قاغان بىلەن شاھزادىنىڭ مەۋجۇتلۇقى شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ بىر مەھەل داۋام قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر.

## § 6. «شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوسسان قاغانى» توغرىسىدا

ئالدىنقى باياننىمىزدا «شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوسسان قاغانى»نى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ 12 ـ ئەسىردىكى قاغان بولغانلىقى ھەمدە «شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى»نىڭ قاغانى دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن «شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى 11 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنقەرز بولغان» دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە زىت كېلىپ قالىدىغان تەرەپلەر بار. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ كۆرمەي بولمايدۇ.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شاجوۋ ئايمىقىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شەرقتە گۇاجوۋ ئايمىقى بىلەن چېگرالانسا، غەربتە يېڭىبالىققىچە 1760 چاقىرىم دائىرىگە سوزۇلۇپ، كۇسەن قورغىنى بىلەن چېگرالىناتتى. غەربىي جەنۇبتا چەرچەن قورغىنىغىچە 2300 چاقىرىم دائىرىگە سوزۇلۇپ، ئۇدۇن بىلەن چېگرالىناتتى. شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدا خانلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى شاجوۋ ئايمىقىنىڭ ھەممىلا جايلىرىغا تولۇق يېتىپ بارالىغان ئەمەس، پەقەت ئايماق مەركىزىدىكى شەرقىي قىسىم رايونلارغا كۈچى يەتكەن ئەمەس. تاڭغۇتلار ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە تېخىمۇ شۇنداق بولغان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، شاجوۋنىڭ غەربىي قىسمىنى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ «سارىغ (باش) ئۇيغۇرلار»، يەنى كېيىنكى «سېرىق ئۇيغۇرلار» ئىگىلىگەن. خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىن «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 490 ـ جىلدى «يات ئەللەر تەزكىرىسى (6). ئۇدۇن ئېلى» بۇنىڭغا دائىر ئىشلار ئەڭ بۇرۇن خاتىرىلەنگەن:

«يۈەنفېڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1084 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى قەبىلە ئاقساقىلى ئاشىنىنى پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنۇشقا ئەۋەتتى. مەكتۇپتا: ‹ئۇدۇن خانلىقىدا تۇرۇشلۇق قوللىرى، يەنى تەلەيلىك، كۈچكە ھەم بىلىمگە ئىگە قاراخان، كۈنچىقىشتىكى زېمىنىنىڭ غوجىسى، خەنزۇ تاغامنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ سۇندۇم، دەپ يېزىلغان بولۇپ، مەكتۇپتا يول يىراق بولسىمۇ كۆڭلىمىز يېقىن بولغاچ، ئىلگىرى ئوردىغا ئۈچ تۇركۈم ئەلچى ئۇلپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى، ھەممىسى قايتىپ كەلمىدى، دېگەندەك سۆزلەر تەكرارلانغان. دۆڭجەن ئەلچىسى ئۇلارنى شجوۋ ئايمىقىغا باشلاپ كىرىپ، مەكتۇپنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. پادىشاھ ئالدىنقى قېتىم ئۈچ تۇركۈم ئەلچىنى ئوردىدا قوبۇل قىلىپ، سوۋغا بىلەن قايتۇرغانلىقىنى خەت ئارقىلىق ئۇلارغا ئۇقتۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. سۇڭ پادىشاھى شېنزۇڭ ئۇدۇن ئەلچىلىرىدىن ئۆز ئېلىدىن ئايرىلغىنىغا قانچە يىل، قانچە ئاي بولغانلىقىنى، قايسى ئەللەردىن ئۆتكەنلىكىنى، سەپەردە بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان ـ ئۇچرىمىغانلىقىنى سورىغانىدى. ئۇلار جاۋاب بېرىپ: ‹ئېلىمىزدىن ئايرىلغىلى تۆت يىل بولدى، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ يېرىمىدا يول يۈردۇق، يول بويى سارىغ (باش) ئۇيغۇر، چىڭتاڭ ئەللىرىنى بېسىپ ئۆتتۇق، پەقەت قىتانلارنىڭلا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىدىن قورقتۇق، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خەنزۇلار زېمىنى چېگراسى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىنى خەرىتىگە سىزدۇرۇپ، ئۇنى كىتاب قىلىپ لى شيەنگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى.»

تېكىستتىكى «دۆڭجەن» بولسا چىڭخەي (كۆكنۇر) رايونىنى ئىگىلەپ تۇرغان تۇبۇت ئاتامانى «چىڭتاڭ» بولسا ھازىرقى شىنىڭ شەھىرى ئەتراپىدا بولۇ، دوڭجەننىڭ قوۋمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان

مەركىزى، بۇ ئىش توغرىسىدا «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار(4)»دىمۇ مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان:

«(يۈەنفېڭنىڭ 6 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 1083 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇدۇن ئېلى يەرلىك ماللارنى سوۋغا قىلدى، خان ئەلچىنى يەنخې قەسرىدە قوبۇل قىلىپ:

‹ئۆز دۆلىتىڭلاردىن يولغا چىققىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟› دەپ سورىۋىدى، ئەلچى: ‹تۆت يىل› دەپ جاۋاب بەردى. ‹ يولغا قانچىلىك ۋاقىت كەتتى؟› دەپ سورىۋىدى، ‹ئىككى يىل› دەپ جاۋاب بەردى. ‹يولدا كەلگۈچە قايسى ئەللەردىن ئۆتتۈڭلار› دەپ سورىۋىدى، ‹سارىغ (باش) ئۇيغۇر، ئوت باش تاتار، دۇڭجەن قاتارلىق ئەللەردىن ئۆتتۇق› دەپ جاۋاب بەردى.»

- ئۇدۇن ئەلچىسى ئاشىن بىلەن تەڭلا دېگۈدەك فەرەڭ دۆلىتى (شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى)نىڭ ئەلچىسىمۇ سۇڭ سۇلالىسى پايتەختى بيەنجىڭ(هازىرقى كەيفېڭ)غا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇمۇ «سارىغ (باش) ئۇيغۇر»لارنى تىلغا ئالغان. «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار (4)»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«(يۈەنفېڭنىڭ 4 ـ يىلى، يەنى 1081 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، فەرەڭ دۆلىتى يەرلىك ماللارنى سوۋغا قىلدى. فەرەڭ دۆلىتىنىڭ بۈيۈك ئاقساقىلى نىكېفوروس مېلىسسىنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دۆلەت زېمىنى شەرقىي جەنۇبتا مەلىك شاھنىڭ دۆلىتى (يەنى سالجۇلۇق دۆلىتى)گە، شىمالدا دېڭىزغا تۇتىشىدىكەن. ئارىلىقى 40 كۈنلۈك مۇساپە ئىكەن؛ يەنە شەرقتىن غەربكىچە ئەرەبلەرنىڭ زېمىنى ۋە ئۇدۇن خانىنىڭ يېڭى ئاستانىسىگە، ئۇنىڭدىن قالسا كونا ئۇدۇنغا، ئۇنىڭدىن قالسا يوچان شەھىرىگە قەدەر بارىدىغان بولۇپ، ئۇدۇن چېگراسىغا تۇتىشىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا شەرقتىكى سارىغ (باش) ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىغا، يەنە شەرقتە تاتار زېمىنىغا، ئاندىن توخرىلار زېمىنىغا، يەنە دۇڭجەن تۇرۇشلۇق زېمىنغا تۇتىشىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا لىنچىن شەھىرىگە، يەنە شەرقتە چىڭتاڭغا، ھەتتا جۇڭگو چېگراسىغا قەدەر بارىدىكەن».

بۇ خاتىرىدىن قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى «سارىغ (باش) ئۇيغۇرلار»نىڭ تۇرۇشلۇق زېمىنى تەخمىنەن شاجوۋ ئايمىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى هازىرقى چەيدام ئويمانلىقى ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. كېيىن بۇ مىللەت مۇشۇ رايوندا ئىزچىل پائالىيەت قىلىپ، تاكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن شەرققە كۆچۈپ كەتكەن.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «سارىغ (باش) ئۇيغۇر»نى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر كۆپ تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئادەتتە ئۇ يۈەنفېڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 1081 ـ يىلى)دىن تارتىپ خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان زېمىنى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ پىكرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، شاجوۋنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلاردا تۇرغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە ئاساسلىقى ئىككى خىل قاراش بار: بىر خىل پىكىردىكىلەر سارىغ (باش) ئۇيغۇرلار جىنشى ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپچىققان. ئۇلار گەنجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ؛ يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر سارىغ (باش) ئۇيغۇرلارنىڭ خېشى ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى چوڭ ئەمەس، ئۇلار قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى كۇسەن ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپچىققان، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقىنى «سارىغ (باش) ئۇيغۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆزىتىش ئارقىلىق، بۇ بايانلارنى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل نۇقتىئىنەزەرگە يىغىنچاقلىيالايمىز:

(1) «سارى، سارىغ » بىلەن «سارىغ (باش)» دېگەن سۆزلەر مەنىداش دەپ قاراش. بەزىلەر بۇ سۆزلەرنى sari، sary دەپ ترانسكرىپسىيەلىسە، بەزىلەر sariy، sarigh دەپ ترانسكرىپسىيەلەيدۇ، يەنە بەزىلەر موڭغۇل تىل تاۋۇشى بويىچە sara ، shera دەپ ترانسكرىپسىيەلەيدۇ، دولقۇن ۋېنىي ئەپەندى توغرا يوسۇندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇ نۇقتىنەزەرلەردە ‹سارىغ› (撒里) بىلەن ‹سارىغ باش› (黄头) سۆزى ئۆز ئارا تەرجىمە قىلىش داۋامىدىكى ماس تەلەپپۇزلۇق سۆز، دەپ قارالغان. بۇ نۇقتىنەزەرلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ‹سارىغ باش› سۆزىدىكى ‹باش› سۆزىنى تاشلىۋېتىش ۋە ‹سارىغ› دېگەن بۇ سۆزنى خەنزۇچىغا ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغاندىكى مۇرەككەپ تۈركىي تىل خۇسۇسىيىتىگە قارىتىلغان تەتقىقاتقا سەل قاراشتا ئىپادىلىنىدۇ ... بۇ نۇقتىنەزەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تۈركىي تىللار بىلەن موڭغۇل تىلىنى بىلىشمۇ، يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)لارنىڭ جۇغراپىيەلىك ماكانلىشىش ئەھۋالى ۋە جۇغراپىيەلىك، تارىخىي تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى چۈشەنمەي، ئىككى سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرالماي، خەنزۇچە سۆزنىڭ مەنىسىنى شەكىلگە قاراپ چۈشىنىشتەك خاتالىقنى سادىر قىلىشى سەۋەب بولغان، بىلىمىز ئالىملىرى بولسا تۈركىي تىللارنى ئوبدان چۈشەنمىگەنلىكى، بىلىمىز تارىخىغا قارىتىلغان تەتقىقاتنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقى سەۋەبلىك چەت ئەل ئالىملىرىغا ئوخشاشلا سەۋەنلىكنى سادىر قىلغان.

(2) «سارىغ» (撒里) سۆزىنى يەر نامى دەپ قاراش، بۇ قاراشنى سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى 50 نەچچە يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇپ، «سارىغ» (撒里) سۆزى «قاراشەھەر» (喀喇沙尔) دىكى «沙尔» سۆزى بىلەن ئوخشاش ھېسابلىغان. بىزگە مەلۇمكى، «沙尔» سۆزى «شەھەر»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، خاس ئىسىم ئەمەس، تورداش ئىسىم، تۈركىي تىل گىراماتىكىسى بويىچە ئۇنىڭ كەينىگە «liq» (لىق، لىك) قوشۇلسا، ئاندىن ئېنىقلىما بېرىدۇ، شۇڭا يۇقىرىقى ئىككى سۆزنى تەڭداش قىلىشقا بولمايدۇ.

(3) «سارىغ» (撒里) بىلەن «سۇلې» (疏勒)نى مەنىداش دەپ قاراش. مۇنداق نۇقتىنەزەرنى يېقىنقى يىللاردىن بېرى گاۋزىخۇۋ، چيەن بوچۇەن قاتارلىق ئەپەندىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ھەم دەلىللىگەن، ئۇلار «سارىغ» (撒里) دېگەن سۆز «سۇلې دەرياسى (疏勒河) دېگەن يەر نامىدىن كەلگەن، دەپ قارىغان، كېيىن چيەن بوچۇەن ئەپەندى يەنە سارىغ (sariy) دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «سار» (sar، يەنى قوماي ئورۇقدىشىدىكى بىر خىل قۇش)دىن ئۆزگەرگەن، سارىغ ئۇيغۇر دېگەنلىك، سارىغا ئوخشايدىغان ئۇيغۇر، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېگەن يېڭى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق، يەنە بۇرۇنقى قارىشىدىنمۇ ۋاز كەچمەستىن، بۇ ئىككى خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزىگە يارىشا مۇمكىنچىلىكى بار، يەنە كېلىپ كېيىنكى بىر خىل چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ توغرا ھەم يېقىن كېلىدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

(4) «سارىغ باش» (黄头) دېگەن سۆز «黄沙之头» (سارىغ قۇم بېشى)نىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى دەپ قاراش، بۇ نۇقتىنەزەر يېڭىراق بولۇپ، يېقىندا دولقۇن ۋېنىي ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان.

تۆۋەندە بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ياغاچ يادنامىنىڭ بىر بۆلىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشىمىزنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

1. قۇتلۇق مايمۇن يىلىدىكى ئىزگۈ زامان قۇتلۇق پەيتنى تاللاپ

2. 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاي نەق «پۇرۋا پۇلگۇنى» يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولغاندا، ئارزۇ قىلغاندەكلا كۈن ۋە ئاي تەڭرىدەك گۈزەل، يورۇق

3. تەڭرى بۆگۈ تەڭرىخانىمىز كۆل بىلگە تەڭرى ئىلكىنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ئىككىنچى يىلى بىز

4. كۆڭلىمىزگە «ئۈچ گۆھەر»دىن ئايرىلماسلىق ھەم ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىشنى پۈكتۈق. پاراسەتلىك ئۇپاسانچ تەڭرىكەن تېگىن سىلىگ تەركەن (خاقان) قۇنچۇي تەڭرىم بىلەن

5. ئۇپاس گۈلۈگ ئىنانچ شاجۇ سانغۇنى ئىككىمىز نوملارنى ئوبدان بىلىدىغان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك باخشىلاردىن شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدۇق، يەنى: ناۋادا كىمكى

6. كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئىبادەتخانا سالدۇرسا ھەمدە ئۇن تال بۇغداي دېنىچىلىك بىر بۇرھان (بۇت) تىكلىسە، شۇنداقلا ئىبادەتخانىغا بىر تال ئۇرۇقنىڭ يەتتىدىن بىر ئۈلۈشىچىلىك

7. شارىر (جەسەت كۈلى) قويسا، شۇنداقلا بىر تال يېكەنچە (ئۇرچۇق) چىلىك سۇنۇپ (بۇددا مۇنارى) تىكلىسە، تۇگەل مال ـ دۇنياسىنى سەرپ ئەتكەندەك ئەجىر ـ ساۋاب تاپىدۇ.» ئۇلار يەنە شۇنداق دېگەن: «ئۇ مۇشۇ ياخشىلىقى سەۋەبلىك تەڭرى ھۇزۇرىدا ئۈستۈن دەرىجە تاپىدۇ. يەنە

8. زېمىندىكى (پانىيدىكى) ئىنسانلار ئۇ تەلپۈنگەن ئاشۇ زور بەخت ـ سائادەتتىن بەھرە ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بۇرھان (بۇددا) ئۇچۇن ئاتىغانلىرى بىلەن مەدھىيەلىنىپ، نىرۋانلىق

9. مەنزىلگە يېتىدۇ.» بىز مۇشۇنداق ياخشى ئىش بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئىككىيلەن بىرلىكتە چىن كۆڭلىمىزدىن بىر ئىبادەتخانا سالدۇرماق ئۈچۈن

10. بىر تال سات (sat) ياغاچ توقماقنى ئۇل قىلىپ قاقتۇق. بۇ ساۋابلىق ئىشىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىزنى كېيىن ئالىي خىسلەتلىك مايترى بۇرھان بىلەن ئۇچراشتۇرغاي، مايترى بۇرھان ھۇزۇرىدىن

11 . ئالىي بۇرھان قۇتىغا (سائادىتىگە) يېتىشكە ئالقىش، تىلەك ئالغايمىز، ئاشۇ ئالقىشلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن مەڭگۈلۈك كالپا (دەۋر، چاغ، يەنى ئاخىرەت) ۋە ئۈچ ئاسانگى (يوقلۇق) بابىدىن ئالتە قۇتۇلۇش يولىنى

12. بېسىپ تۈگەتكەيمىز، كېيىن بىر بۇرھان دۇنياسىدا (قايتىدىن) تۆرەلگەيمىز! بىزگە يېقىن ئۆگىردەچى تەڭرىكەن (تەڭرى خان) كۆزى ھەزرەتلىرى، كۇنۇي ھەزرەتلىرى، تەڭرىكەن (تەڭرى خان) كۆرىكە ھەزرەتلىرى

13. تەركەن (تارخان) قۇنچۇيى (مەلىكىسى) بۇ تۇرمىش ئالىيلىرى، قۇتادمىش ھەزرەتلىرى، قۇنچۇي ئالىيلىرى، ئەرۋىق ھەزرەتلىرى، كەنجى ھەزرەتلىرى، ئارىخ ھەزرەتلىرى، ئاشمىش ھەزرەتلىرى

14. تۇرمىش خاتۇن ئالىيلىرى، ئەردەنى خاتۇن ئالىيلىرى، كۆرتلە ھەزرەتلىرى، ئاي چېچەك ئالىيلىرى

15. ئىل ئۆگەسى (ئەلنىڭ ئاقىلى) ئىسىك ئەدگۇ (ياخشى) تۇتۇق ئۆگە ئىل قايا، ئىسىك ئەرگۇ قۇتۇق ئەرتۇڭا، يەگەن گۈلۈگ سانغۇن كىن تۇرمىش، ئۇزۇن ئۆڭگۇ قۇز قۇراق، كەنجى تۇرمىش تارخان (ئىت تۇخان).

16. گۈلۈگ ئىنانچ تۇتۇق ئىكتۇ، سارى باش تارخان، ياڭا سانغۇن

17. تاڭ ئارسلان سانغۇن، ئىل كەكەدمىش سانغۇن، بۇيات باي، قۇتلۇق، بايۇتمىش، ئىل قاتمىش، ئىت سامان بەگۇ، تۇتۇق سىخاندۇ سانغۇن،

18. قوچۇنىڭ بالىخ بەگى (شەھەر بېگى) ئالىپ (باتۇر) تۇتۇق ئۆگە، ئىنانچ ئەدگۇ ئوغۇللىرىدىن ئىل ئالمىش سانغۇن، ياڭچۇن ئېسەن تۇرا تۇتۇق، مەڭلىگ شىڭقۇر.

19. ئىش ئايغۇچى (ئىش بىلگۈچى، دانىشمەن) ئاۋلۇچ تارخان، ئەدگۇ يەگەن سانغۇن، چوغى تىئەك (ھىماتچى)، ياغاچچى، مەنگۇ، تامچى قايمىش، fapdu تىرەك (ھىماتچى)، يەگەن ئاغىسىز سانغۇن،

بىتىگەچى (پۈتكۈچى، قەلەم تەۋرەتكۈچى) بەگ ئاغىل ئارسلان

20. ھەممەيلەن بۇرھان (بۇددا) قۇتىدا (سائادىتىدە) بولغاي! غوڭقىچى (غوڭقا چالىدىغان سازەندە)، بوغۇنچى (بوغۇمچى) لۈكۈگ بارس (يولۋاس) ئاقىل تىرەك (ئەل ھىماتچىسى) بېتىگە چى (كاتىپ) بەگ، ئارسلان سان (ياغىچىغا) پۈتۈپ، (مۇشۇ جايغا) قاقتى.

قۇتلۇق بولغاي!

قۇتلۇق بولغاي!

بۇ ياغاچ يادنامە «قۇتلۇق مايمۇن يىلى»دا يېزىلغان بولۇپ، مىلادىيە 948 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنى باشقا ئەسىرىمىزدە دەلىللىگەچكە، بۇ يەردە قايتا دەلىل كۆرسىتىپ ئولتۇرمايمىز.

يادنامىنىڭ 15 ـ قۇرىدىن 17 ـ قۇرىغىچە ئارىلىقتا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋەزىر ـ بەگلىرىدىن 16 كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ياغاچ يادنامە قويۇلغان ئىبادەتخانىغا سەدىقە بەرگۈچىلەردۇر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «سارى باش ياڭا سانغۇن» دەيدىغان بىر كىشى بار. بۇ يەردىكى «سارى باش» سۆزى ياغاچ يادنامىدە «سارىغ باش (sariy bax) دەپ يېزىلغان بولۇشى كېرەك. ياغاچ يادنامىنى تىكلىگەن جاي ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە بولغانلىقى، يازغان كىشىمۇ ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن «سارىغ (باش) ئۇيغۇر» دەپ يازماي، تەبىئىيلا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى قىسقارتىۋەتكەن، ناۋادا يات مىللەت ئاتىغان بولسا قىسقارتماسلىقى مۇمكىن ئىدى. قارىغاندا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «سارىغ باش» نى (黄头) دەپ تەرجىمە قىلىش تازا جايىغا چۈشكەندەك قىلىدۇ. كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇر «باش» سۆزى چۈشۈپ قېلىپ، «سارىغ» دەپلا ئاتىلىپ قالغان. شۇڭا كېيىنكىلەر بۇ نام توغرىسىدا تۈرلۈك قىياسلارنى قىلىشقان.

ياغاچ يادنامىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى «سارىغ (باش)» قەبىلە ئولتۇراقلاشقان جايغا «تارخان ياڭا سانغۇن» قويۇپ، شۇ جايلارنى بىۋاسىتە باشقۇرغان بولسا كېرەك. يەنە 5 ـ قۇردىمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قويغان ئىنانچى «شاجوۋ سانغۇنى» تىلغا ئېلىنغان. لېكىن، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئەزەلدىن شاجوۋ ئايمىقى، يەنى شۇ ئايماقنىڭ مەركىزى بولغان ھازىرقى دۇنخۇاڭ شەھىرى ئەتراپىغا يېتىپ بارمىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئەھۋالدۇر. يەنە كېلىپ بۇ ياغاچ يادنامە تىكلەنگەن 948 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شاجوۋدىكى بەيئەتچى قوشۇن ھاكىمىيىتى راسا گۈللەنگەن مەزگىل بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەسىر كۈچى بۇ يەرگىچە كېلەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولسا يادنامىدىكى «شاجوۋ سانغۇنى» باشقۇرۇشىدىكى جاي زادى نەدە؟ تارىخىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئۇ يەر شاجوۋدىكى بەيئەتچى قوشۇنىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرمىگەن غەربىي قىسىم رايون بولۇشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ بۇ جايلار دەل «سارىغ ئۇيغۇر»لارنىڭ ماكانىدۇر. بۇ ئەينى چاغدا سارىغ ئۇيغۇرلارنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەركىبىدە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈۋالغاندىن كېيىن، بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «قوسسان قاغان»نىڭ كېلىپچىقىشىنىمۇ ئاسانلا چۈشىنىۋالالايمىز. 1127 ـ يىلى تاڭغۇتلارنىڭ شاجوۋنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى تېخى مۇقىملاشمىغاچقا، غەربىي قىسمىدىكى ئارمانىغا تۇشلۇق دەرمانى يوق «سارىغ ئۇيغۇر»لارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى تاڭغۇتلارنىڭ دۈشمىنى بولغان جىن خانىدانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا بەردى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايىمۇ شاجوۋ ئايمىقى دائىرىسىدە بولغاچقا، «شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇلار 11 ـ ئەسىردىكى شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بىر ئەمەس، بۇلارنىڭ كۈچى ئەزەلدىن شاجوۋنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا يېتىپ بارالمىغان. شۇنداقلا، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاشكېمىر ياسىشى بىلەنمۇ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

| مەزگىلى | تاشكېمەر | تاشكېمەر نومۇرى | مۇناسىپ يىل دەۋرى |
|---|---|---|---|
| ئالدىنقى مەزگىل | دۆنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى | 306 -، 307 -، 308 -، 363 -، 399 -، 418 -، 214 - نومۇر (كارىدور) | 11 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن 11 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە (تەخمىنەن 1030 - يىلى ،دەسلەپكى مەزگىلنى 1019 - يىلىغىچە) |
| | يۈلىن (قارايياغاچلىق) تاشكېمىرى | 21 - نومۇر (دالان كارىدور)، 39 - نومۇر | |
| كېيىنكى مەزگىل | دۆنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى | 409 -، 237 - نومۇر (دالان، كارىدور)، 148 - نومۇر (كارىدور ۋە قازناقنىڭ بىر قىسمى)، 309 -، 97 -، 330 -، 310 -، 245 -، 207 - نومۇر | 11 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 12 - ئەسىرنىڭ بېشىغىچە (تەخمىنەن 1070 - يىلىدىن 1127 - يىلىغىچە) |
| | شىچيەن بۇددا غارى | 4 -، 9 - نومۇر (كارىدور)، 10 - نومۇر (كارىدور)، 12 -، 13 - نومۇر | |

(تەرجىمە قىلغۇچى: تىيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى باش ئاغرىقىغا ئائىت سۆزلۈكلەردىن قەدىمىي تېبابىتىمىزگە نەزەر

ئىسرائىل مۇتەللا

«دىۋان»دا ئادەم بەدىنىدە كۆرۈلىدىغان ھەر خىل بىئاراملىقلارنى بايان قىلىدىغان ئىزاھاتلاردىن مەلۇمكى، ئاغرىقلارنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇلار ھەر خىل كەلگەن. بۇ خىل بىئاراملىق ۋە ئاتالغۇلار ئىچىدە ئادەمنىڭ باش قىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارمۇ خېلى تىلغا ئېلىنىدۇ. باش ئاغرىقلىرىنى ئەكس ئەتكۈزگەن بايانلار ھەر خىل ئاغرىقلار، مەسىلەن زۇكام، قىزىش قاتارلىقلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇشتىن تاشقىرى يەنە باش قىسمىدا كۆرۈلگەن مەسىلەرنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بولۇپمۇ قۇلاق ۋە چىش ئاغرىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ باش ئاغرىقى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. شۇ سەۋەب بىلەن «دىۋان»دىكى باش ئاغرىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا چىش ۋە قۇلاق ئاغرىقى ھەققىدىكى ئىزاھاتلارنىمۇ قوشۇپ بىللە بايان قىلدۇق.

## باش ئاغرىقى

«دىۋان»دا باش ئاغرىقىغا دائىر بىر قىسىم بايانلار بار. بۇ بايانلاردا باش ئاغرىقى چىش ئاغرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن. يەنىمۇ تەپسىلىي تۈرگە ئايرىغاندا، چىش ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى، باشنىڭ باشقا ئاغرىقلارنىڭ تەسىرىدە ئاغرىپ كېلىشى ھەققىدە مىساللار كۆپ. «دىۋان»دا «ئاغرىق» سۆزىگە تەبىر بەرگەندە «aqrïq ئاغرىق: بەدەننىڭ قەيەرى ئاغرىسا شۇ يەر ئاغرىقى، (مەسىلەن، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى)»[1] دەپ توختالغان. «aqrïdï ئاغرىدى: ئۇنىڭ بېشى ئاغرىدى»[2] دېگەن بايانغا قارىغاندا، ئاغرىق سۆزى بىۋاستە باش ئاغرىقىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. چۈنكى «دىۋان»دا ئاغرىق ـ كېسەللەرنىڭ تۈركىي تىللىرىدا «ئىگ» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى كۆپ قېتىم ئىزاھلانغان. «دىۋان»دا يۇقىرىقى باش ئاغرىقىنى بىلدۈرىدىغان «ئاغرىق» دېگەن سۆزنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسى، شۇنداقلا بۇ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بايانلارغا قارىغاندا، باش ھەر خىل سەۋەبلەردىن، مەسىلەن، قىزىتما، زۇكام قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئاغرىپ قېلىشىنى مەخسۇس ئاتالغۇ «ئاغرىق» قاتارلىقلار بىلەن پەرقلەندۈرۈلۈپ ئاتىغان. «دىۋان»دا يەنە باش ئاغرىقىغا سەۋەب بولىدىغان ياكى تەسىر قىلىدىغان ئاغرىقلاردىن قۇلاق ئاغرىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. باش بىئارام بولغاندا پەيدا بولىدىغان تەسىر ھەققىدە مۇنداق بىر مىسالنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. «tənirdi تەنىردى. قايدى. ئانىڭ باشى تەنىردى — ئۇنىڭ بېشى قايدى. بۇ ئۇيقۇ باسقان چاغدا ئۇيقۇنى قاچۇرماقچى بولغاندا، مۈگدىگەنلىكتىن بېشىدا چۈمۈلە ماڭغانغا ئوخشاش سېزىمدۇر»[3] گەرچە بۇ باش ئاغرىقى ھەققىدىكى ئۇچۇر بولمىسىمۇ، «بېشىدا چۈمۈلە ماڭغاندەك» دېگەن ئوخشىتىش

باشنىڭ بىئارام بولۇشىدەك ئەھۋالنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

«دىۋان»دا باش ئاغرىقلىرىنى قانداق ئەملەش ھەققىدە مەلۇماتلار يوق. بۇ ھەرگىزمۇ شۇ دەۋردە ھەرخىل ئەملەش ئۇسۇللىرىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى «دىۋان» ئۇنىۋېرسال تىل ئەسىرى بولۇش سەۋىلىك مەزمۇن ۋە سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن يەنە نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئورۇن بېرىلمىگەن. بىز مەزمۇن ئېھتىياجى ئۈچۈن يەنىلا تۇرپان تېكىستلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق، شۇ دەۋرلەردىكى ئەمچىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدە مەلۇم چۈشەنچىلەرگە كېلىمىز. تۇرپاندىن تېپىلغان تېكىستلەردە باش ئاغرىقىنى قانداق ئەملەش ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك قىممەتلىك ئۇچۇرلار بار.

«يانا ئەم: قىزىل چىندان يۇرۇڭ چىندانلار قۇشتى توبۇلغاق، سارىغ كۆسى ئىكىرەر بارقىر چورنى قىلىپ كۆنچىت ياغى بىرلە يۇغۇرۇپ ئالىنقا سۇردسەر باش ئاغرىقى كىدەر».

يەشمىسى:

يەنە داۋاسى: قىزىل چىندان، ئاق چىندان، قوشدى (بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكىنىڭ نامى)، تېۋىلغا، سېرىق كۆجىلەرنى ئىككى باقىر(مىسقال)دىن ئارىلاشتۇرۇپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، باش ئاغرىقى توختايدۇ.[4]

«باش ئاغرىغ ئەمى(؛) قىسىل يۇرۇڭچىندانلار پىتپىدى ئىنگەك ياغى بىرلە ئالىنقا سۇردسەر(،) باش ئاغرىقى كىدەر (.)يانا ئەم(؛) كۆنچىت ياغى يىپار بىرلە ئارقا يىلىدىپ بۇرۇنقا قۇدسار(،) كىدەر (.)»

يەشمىسى:

باش ئاغرىقىنىڭ داۋاسى: قىزىل ۋە ئاق چىندانلارنى قارىمۇچ، ئىنەك يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، باش ئاغرىقى ساقىيىدۇ. يەنە ئەم(داۋا): كۈنجۈت مېيى بىلەن ئىپارنى ئازراق قىزىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىپ بەرسە، ساقىيىدۇ.[5]

شۇ دەۋردە ئادەمنىڭ بېشىنىڭ ئاغرىشى سىرتقى زەخمە، مەسىلەن، ئۇرۇشلاردا چېپىلىش، دەسسىلىش، يىقىلىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن يارىدار بولۇشتىن كېلىپ چىقىشتىن تاشقىرى باشنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تەسىرىدىن ئاغرىق پەيدا بولغان. ئەمما، بۇ ھەقتە كونكرېت مەلۇماتلار «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنمىغان. شۇ سەۋەب بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر كۆپرەك قۇلاق ۋە چىش ئاغرىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

## قۇلاق ئاغرىقى

«دىۋان»دا ئاغرىقلار قاتارىدا قۇلاق ئاغرىقى ھەققىدىمۇ تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەن. قۇلاقنىڭ ئاغرىقى بىلەن باش ۋە چىش ئاغرىقلىرى بەزىدە تەڭلا كۆرۈلىدىغان بولغاچقا، «دىۋان»دىكى مەلۇماتلاردا بۇلارغا بېرىلگەن نەقىللەر ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولغان. قۇلاق ئاغرىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شاۋقۇن - سۈرەندىن ئاغرىيدىغان، بىئارام بولىدىغانغا بېرىلگەن مەلۇماتلار كۆپرەك. مەسىلەن، «tiriη تىرىڭ. تىرىڭ - دىرىڭ، قۇلاقىم تىرىڭ ئەتتى — قۇلىقىم تىرىڭ ئەتتى. مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھەرقانداق ئاۋازغا شۇنداق دېيىلىدۇ. ياسىن تىرىڭ ئەتتۇردى — يايىنى تىرىڭ ئەتتۇردى. بۇ كىرىچتىن چىققان ئاۋازنى ئەسلىتىدۇ»[6] مەزكۇر ئۇچۇر قۇلاقتا ئەكس سادا يانغاندەك ئەھۋاللارنى بىلدۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك.

قۇلاق ئاغرىقىغا بېرىلگەن باشقا سۆزلۈكلەردە قۇلاقنىڭ قاتتىق ئاغرىشىنى بىر قاتار مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەن. «qïŋ زىڭ، غوڭ. قۇلاقىم چىڭ ئەتتى — قۇلىقىم زىڭ قىلدى. زىڭىلدىدى»[7]، «sïŋ زىڭ.غوڭ. قۇلاقىم سىڭ ئەتتى — قۇلىقىم زىڭ قىلدى. زىڭىلدىدى»[8] بۇ ئاتالغۇنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى ھەققىدە بولسا، «sïŋladï سىڭىلادى. غىڭشىدى؛ غوڭۇلدىدى؛ سوۋۇدى. ئىت سىڭىلادى ئىت غىڭشىدى، ئىت سوغۇقتا غىڭشىدى. سۇۋ سىڭىلادى —سۇ مۇز قاتقۇدەك دەرىجىدە سوۋۇدى، قۇلاقىم سىڭىلادى — قۇلىقىم غوڭۇلدىدى»[9] توختالغان.

بۇ مەلۇماتلار بەلكىم قاتتىق سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ياكى چىشنىڭ ئاغرىپ بىئارام قىلىپ قۇلاققا تەسىر قىلىشى ئارقىلىق پەيدا بولغان ئاغرىق ئالامەتلىرىگە قارىتا ئىپتىلىدىغان سۆزلۈكلەر بولسا كېرەك. قۇلاق ئاغرىقىنى ياخشى داۋالىمىغاندا قۇلاقنىڭ گاس ياكى پاڭ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولغان. بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئەڭ تارتىدىغىنى بولسا قۇلاق ئاغرىقلىرىغا مەخسۇس ئاتالغۇ «سىڭ» ياكى «چىڭ» ئىشلىتىلگىنىدۇر. «دىۋان»دا بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە توختىلىپ يەنە مۇنداق ئىزاھاتلارنى قالدۇرغان. «qïŋ زىڭ، غوڭ. قۇلاقىم چىڭ ئەتتى  قۇلىقىم زىڭ قىلدى، زىڭىلدىدى، قوڭغۇراق لېگەن - تاۋاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ چىقارغان ئاۋازىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ، «قۇلاقىم چىڭ ئەتتى» دېيىلسە ئاۋۋالقىسىدىن پاساھەتلىكرەك بولىدۇ»[10]

يۇقىرىقى ئۈچۈرلار قۇلاق ئاغرىقىنىڭ مەخسۇس ئاتالغۇسى ھەققىدە ئۈچۈر بېرىپلا قالماي، يەنە قۇلاق ئاغرىقىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە مەلۇماتلارنىمۇ بەرگەن. مەسىلەن، «چىڭ» ئاتالغۇسى بىلەن كەلگەندە شاۋقۇن - سۈرەن، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاتارلىقلار سەۋەبىدىن قۇلاقنىڭ بىئارام بولۇشىنى بىلدۈرگەن. بۇ قارىشىمىزغا بۇ ئاتالغۇنىڭ لېگەن، قوڭغۇراق قاتارلىق تۆمۈر ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنىڭ چىقارغان ئاۋازىغىمۇ مىسال بولۇپ كېلىشىدىن مەلۇمدۇر. دېمەك، بۇ ئاتالغۇ بىلەن كەلگەندە ھەقىقىي قۇلاقنىڭ ئاغرىقىنى ئەمەس، بەلكى مەلۇم ۋاقىتلىق بىئاراملىقنى بىلدۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن. بەزىدە شاۋقۇن - سۈرەنمۇ قۇلاقنىڭ ئاڭلىيالماس بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدىغان بولۇپ، مۇنداق ئەھۋالدا كېلىپ چىققان ئاقىۋەت باشقىچە ئاتالغۇ بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، «azïdï. ئازىدى. سىزدى، گاس بولدى. كۆپ ئازىدى — كۆپتىن بىر نەرسە سىزدى. ساپال قاچىدىن ھەرقانداق نەرسە سىزسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. قۇلاق ئازىدى — شاۋقۇن - سۈرەندىن قۇلاق گاس بولىدى»[11] دېگەندەك.

«دىۋان»دا «سىڭ» ئاتالغۇسى بىلەن كەلگەندە قاتتىق سوغۇق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قۇلاقنىڭ ئاغرىشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. چۈنكى، «سىڭ»دىن تۈرلەنگەن «sïŋladï»نىڭ مەنىلىرىنىڭ بىرى «سوۋۇماق»، «غوڭۇلدىماق»، «غوڭۇلدىدى» دۇر. «sïŋladï» ئاتالغۇسى «غىڭشىماق» مەنىسىدە كەلگەندىمۇ ئىتنىڭ سوغۇقتا غىڭشىشىنى، «سوۋۇماق» مەنىسىدە كەلگەندە سۇنىڭ مۇز بولۇپ قېتىشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئۈچىنچى خىل مەنىسى «غوڭۇلدىدى» بولسا قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. دېمەك، قۇلاق غوڭۇلدىشىنىڭ سەۋەبى قاتتىق سوغۇقتىن كېلىپ چىققان ئاغرىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇ سەۋەب قۇلاق ئاغرىقىنىڭ ھەقىقىي ئاتالغۇسىنى «سىڭ » ياكى «سىڭىلادى» دېگەن ئاتالغۇ دەپ قارايمىز ھەمدە قۇلاق ئاغرىقىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبكارلىرىدىن بىرىنى سوغۇقتا قېلىش، دەپ قارايمىز.

«دىۋان»دىكى يەنە بىر قىسىم مەلۇماتلاردىن مەلۇمكى، قۇلاق ئاغرىقىنىڭ تۇغما قۇلاق ئاغرىقى ۋە سىرتقى سەۋەبلەردىن كېيىن پەيدا بولغان قۇلاق ئاغرىقلىرىغا بۆلۈنىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. « قۇلاقلادى.

قولىقىغا ئۇردى. ئول ئوغلان قولاقلادى — ئۇ ئوغلىنىڭ قولىقىغا ئۇردى»[12] دېگەن ئۇچۇر، تاياق زەخمەسىدىن پەيدا بولغان قولاق ئاغرىقى ۋە گاسلىققا مىسال بولۇپ كېلەلەيدۇ.

«دىۋان»دا قولاقنىڭ ئاڭلىماس بولۇشىنى ئىككى خىل ئاتالغۇدا تىلغا ئالغان بولۇپ، «Üz ئۇز. گاس، پاڭ. ئۇز كىشى. گاس كىشى»[13] دەل قولاق ئاغرىقىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئاخىر ساقايماس ھالغا بېرىپ قالغانلىقىغا مىسال بولۇپ كەلگەن. «tuŋu. توڭۇ. گاس، پاڭ »[14] دېگەن مەلۇماتمۇ بەلكىم قولاق ئاغرىقىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئاڭلىماس بولۇپ قېلىشىنى بىلدۈرۈشمۇ ۋە ياكى تۇغما گاسلارنى بىلدۈرۈپ كېلىشكە ئىشلىتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، «دىۋان»دا قولاق ئاغرىقىنى قانداق داۋالاش توغرىسىدا توختالمىغان ياكى قولاق ئاغرىقىنى داۋالاش ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك سۆزلۈكلەرمۇ يوق. بۇ ھەقتە يەنىلا مەزمۇن تولۇقلاش ئېھتىياجى بىلەن شۇ دەۋرگە توغرا كېلىدىغان يازما يادىكارلىقلاردىكى قولاققا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

«قولاق شاقشى بولسار، قاراغۇ ساچقاننىڭ ئودىنى تامسار ئاچىلۇر. يانا ئەم: ئولۇگ مىشىكىچنىڭ ياقىرسىنى ئەدگۈسۈپ سۇردسەر ئاچىلۇر»(.)

يەشمىسى:

قولاققا كىر تۇشۇپ قالسا، قارىغۇ چاشقاننىڭ ئۆتىنى تېمىتىپ بەرسە، قولاق ئېچىلىدۇ. يەنە ئۆلۈك مۈشۈكنىڭ يېغىنى ئېرىتىپ سۈرتۈپ بەرسىمۇ ئېچىلىدۇ.[15]

## چىش ئاغرىقى

«دىۋان»دىكى باش ئاغرىقىغا سەۋەبچى بولىدىغان، شۇنداقلا ئايرىم ئاغرىق ھېسابلىنىدىغان چىش ئاغرىقى ھەققىدىمۇ ئاز - تولا مەلۇماتلار بار. چىش شۇ دەۋرلەردە «tïx» دەپ ئاتالغان. «tïx. چىش. ئادەم ۋە باشقىلارنىڭ چىشى»[16] دېگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، ئادەمنىڭ چىشى بىلەن ھايۋانلارنىڭ چىشىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ پەرقلەندۈرۈلمىگەن. چىش ئاغرىقىنىڭ ئاتالغۇلىرى پەيدا بولۇشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈپ ئاتالغان. چىش ئاغرىقى ھەققىدە ئالدى بىلەن «aɣrïɣ. ئاغرىق: بەدەننىڭ قەيىرى ئاغرىسا شۇ يەر ئاغرىقى، (باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى)»[17] دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئېھتىمال بۇ بايان ئىككى ئاغرىقنىڭ بىللە كېلىدىغانلىقىغا قارىتا ئوتتۇرىغا چىققان سۆزلۈك بولسا كېرەك. «دىۋان»دا چىش كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە، بولۇپمۇ چىشنى قۇرت يېيىش ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئەمما، كۆپرەك سوغۇق ئۆتۈپ قېلىپ ئاغرىش ئېھتىماللىقى توغرىسىدا توختىلىدۇ. «sïzlaɣ. سىزلاش. سوغۇق سۇ ئىچكەندە ياكى مۇز يېگەندە چىشنىڭ سىزلاپ كېتىشى»[18] «sïzlatti. سىزلاتتى. بۇز تىشىغ سىزلاتتى - مۇز چىشنى سىزلاتتى. بۇ مۇزنىڭ چىشنى سىرقىرىتىشى ياكى چۇمۇلە ماڭغاندەك قىمىلدىتىشىدۇر. قول سوغۇق سۇغا كىرگەندە سوغۇق تۇيۇلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»[19]، بۇ مەلۇمات سوغۇق نەرسىلەرنىڭ چىشنىڭ سېزىمچانلىقىنى تۆۋەنلىتىپ، ئوڭايلا ياللۇغلاندۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلارنى بېرىپ، چىشنىڭ سوغۇقلۇق نەرسىلەردىن بىئارام بولۇپ كېلىشىنى كۆرسەتكەن. بۇ بايانلارنىڭ ئۆزى ئاغرىقنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرەلمىسىمۇ، تەبىئىيلا مۇنداق تەرەققىيات ئاخىر چىش ئاغرىقى بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. «sïzladï سىزلادى. سىقىرىدى. ئانىڭ تىشى بۇزدۇن سىزلادى — ئۇنىڭ چىشى مۇزدىن سىزلىدى، يەنى ئۇنىڭ چىشى مۇز يېيىشتىن ياكى سوغۇق سۇ ئىچىشتىن سىزلىدى. ئەرنىڭ سۆڭۆكى

سىزلادى ــ ئادەمنىڭ سۆڭىكى ئاغرىقتىن سىرقىرىدى»[20] دېگەن بايان بولسا يۇقىرىقى قارىشىمىزنى دەلىللەپ كېلىشتىن تاشقىرى، يەنە سۆڭەكنىڭ ئاغرىقتىن سىرقىرىشىغىمۇ مىسال بولۇپ، سۆڭەك ھېسابلىنىدىغان چىشنىڭمۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى قاتتىق ئاغرىغان ھالىتىنى ۋاسىتىلىك ھالدا ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەن. دېمەك، چىش ئاغرىقىنى «sïzladï» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىگەن.

چىش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، «دىۋان»دا چىشنىڭ قاماپ كېتىشىنى ئەكس ئەتكۈزگەن سۆزلۈكلەرنى ئۇتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، چىش ئاغرىقىنىڭ دەسلەپكى سەۋەبلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار مۇنداق بايان قىلىنىدۇ. «Ķamaxdï قاماشدى. تېش قاماشدى ــ چىش چۈچۈك بېھى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېيىشتىن قاماشدى»[21] «Ķamadï. قامادى. قاماشتى؛ قامىدى. ئانىڭ تىشى قامادى ــ ئۇنىڭ چىشى قاماشتى، يەنى ئاچچىق بىر نەرسە يېگەنلىكتىن ئۇنىڭ چىشى قامىدى»[22]، «Ķamattï. قاماتتى. ئاچىغ ئاۋيا تىشىغ قاماتتى ــ ئاچچىق بېھى چىشنى قاماتتى. باشقا نەرسىلەر قاماشتۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.»[23] بۇ مەلۇماتلار ئاچچىق - چۈچۈك ئىشقارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ چىش ئاغرىقىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

چىش ئاغرىقى يەنە تاشقى زەخىملەر سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولغان. قاتتىق تاياق سەۋەبىدىن چىشى چۇشۇپ ياكى سۇنۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدىغان بولۇپ، «tixlədi. تىشلەدى. چىشلىدى. ئول ئانى تىشلەدىئۇ ئۇنى چىشلىدى. بىر كىم باشقا بىرسىنىڭ چىشىغا ئۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»[24] بۇ مەلۇماتتا بىركىمنىڭ بىر نەرسىنى چىشلىشى بىلەن بىركىمنىڭ يەنە بىر كىمنىڭ چىشىغا ئۇرۇشى ئوخشاش بىر ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئېھتىمال قاتتىق نەرسىلەرنى چىشلەش بىلەن چىشىغا ئۇرغاندا پەيدا بولىدىغان ئاقىۋەت كۆپ ھاللاردا ئوخشاشلا چىشنىڭ سۇنۇشى بىلەن خۇلاسىلەنگەن بولغاچ، «tixlədi» دېگەن سۆزلۈك چىشنىڭ باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئاغرىشىدىن پەرقلەندۈرۈلۈپ، پەقەت تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلى زەخىمە يېتىشىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇ بولسا كېرەك. بۇ خىل ئەھۋاللار يېمەكلىك يېگەندىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، «چىكرەدى. غىچىرلىدى. ئەتمەكتە تاش چىكرەدى ــ ناندا تاش غىچىرلىدى، يەنى نان ئىچىدىكى تاش چىشقا تېگىپ غىچىرلىدى»[25] دېيىلگەن ئۇچۇر چىشنىڭ نانغا ئارىلىشىپ قالغان تاشلارنىڭ سەۋەبىدىنمۇ زەخىملىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن ھەمدە مەلۇم كىشىلەرگە ئادەت بولۇپ كەتكەن چىشنى غۇچۇرلىتىشتەك ئەھۋالنى «چىقرادى. غىچىرلىدى. تىش چىقرادى ــ چىش غىچىرلىدى. قاپۇغ چىقرادى ــ ئىشىك غىچىرلىدى. ئادەم جېدەل - ماجىرا ياكى باشقا سەۋەبتىن ۋارقىرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»[26] دېگەن ئىزاھات ئارقىلىق خاتىرىگە ئالغان.

## چىش ئاسراش

«دىۋان»دا چىشنى ئاسراش ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. چىشنى چايقاش، تازىلاش، بېزەش ھەققىدىكى بۇ ئۇچۇرلار بىزنى شۇ دەۋردە چىشنى ئەملەيدىغان مەخسۇس ئەمچىلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا باشلايدۇ. «دىۋان»دا چىشنىڭ ساقلىقىدا مۇھىم رولالارنى ئوينايدىغان چىش ئاراچىلىرى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئاتالغۇ بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. «sïzïoq. سېزىغ. چىش ئارىچى. بىرەر ئادەمگە سىر ساقلاشنى تاپىلىغاندا ‹بۇ سۆزنى سىزىغدىن سىزما ــ بۇ سۆزنى چىشىڭنىڭ ئارىچىدىن چىقارما›،

دېيىلىدۇ»[8] «sïqzaq». سىغزاغ. ئاراچ. تىش سىغزاغى ــ چىش ئارچى»[7] رەتلىك چىشلار«yi. يى يىغاچ ــ غوللىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن دەرەخلەر. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي «yigi- زىچ» بولۇپ، ھەرپ قىسقارتىلغان. ئاراش بولمىغان زىچ چىشقىمۇ «yigitïx» دېيىلىدۇ.»[9] دېگەن مەلۇماتتىن قۇرت يېمىگەن، پۇچۇلانمىغان، ياخشى ئاسرالغان چىشلارنىڭ ئاتىلىدىغان نامى ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىمىز.

«دىۋان»دىكى بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، چىشلار ئاسرالغان. بۇ ھەقتە «sïqzadï. كولىدى. كوچىلىدى؛ زىغزىق سالدى. ئول تىش سىغزادى ــ ئۇ چىش كولىغۇچ بىلەن چىش كولىدى. ئول ئەتىك يىسىن سىغزادى ــ ئۇ ئۆتۈكنىڭ تىكىش ئارىسىغا زىغزىق سالدى. ھەرقانداق نەرسىنى ئىككى نەرسە ئارىسىغا سىغداپ كىرگۈزسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»[10] دېگەن مەلۇمات بىزگە چىش ئاغرىقىنى ئەملەش ئەھۋالىنى، شۇنداقلا ئەملەشكە ئىشلىتىلىدىغان چىش ئارىلىقىنى كوچىلاشقا ئىشلىتىدىغان مەلۇم ئەسۋابنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. چىشنى ئەملەش جەريانى ۋە ئەملەيدىغان مەلۇم ئەسۋاب ھەققىدە يەنە مۇنداق ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.» biledi. بىلىدى. ئول پىچەك بىلەدى ــ ئۇ پىچاق بىلىدى. ئول تىش بىلەدى ــ ئۇ چىشنى بىلىدى»[11] مەزكۇر مەلۇماتتىكى چىشنى بىلەش ھەققىدىكى ئۇچۇر رەتسىز چىشلارنى رەتلەش، شۇنداقلا چىشنى قىرىش ئارقىلىق پۇچۇلغان يېرىنى تۈزلەش ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا باشلايدۇ ھەمدە مەخسۇس چىشنى قىرىش، تۈزلەشكە ئىشلىتىدىغان نازۇك، ئۆتكۈر بىر ئەسۋابنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

چىش ئاغرىقىنىڭ كونكرېت ھالەتتە قانداق داۋالىنىدىغانلىقى توغرىسىدا «دىۋان»دا يەنە باشقا مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما، «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان «uzïtqan ot: ئۇخلىتىدىغان(ئوت) دورا»[12] دېگەن دورىنىڭ ئىزاھاتىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، باش، قۇلاق، چىش ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدىغان، نېرۋىنى ئارام ئالدۇرىدىغان ھەمدە چىشنى قىرغاندا، رەتلىگەندە ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئوت (دورا) بولسا كېرەك.

## قوشۇمچە: چىش ئاغرىقنى ئەملەش توغرىسىدىكى قەدىمي رېتسېپلار

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىسى ئارقىلىق توپلىغان نۇرغۇن ئەملەش ھەققىدىكى رېتسېپلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا پايدىلىنىش، ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بىز بۇ مەزمۇننىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلار توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم ئورتاقلىشىشنى لايىق تاپتۇق.

«تىش ئاغرىغقا (:) ئۈچ ياشار قارا ئۇدنۇڭ ماياقىن ئىشچىتە چۇقۇرادىپ ياقىز ـ ۋن، ئاغرىغى كىدەر.

چىش ئاغرىقىغا (داۋا): ئۈچ ياشلىق قارا كالىنىڭ تېزىكىنى تاۋىدا قۇرۇتۇپ چىشقا ياقسا، ئاغرىقى توختايدۇ».[13]

«تىشنى قۇرد يىسەر بور سەركە ـ سىن ئاغىز ـ تا تودۇپ بىركەر ـ تە توكگۇ ئول ئەدگۇ بولۇر.

چىشنى قۇرت يېگەندە ئۈزۈم سىركىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بەرسە ياخشى بولىدۇ.»[14]

«تىش ئاغرىغ ئەم: قارا ئود ماياقى سىركە بىرلە چوقۇرادىپ تەپىز ـ دەكى تەۋە ماياقى قىسىل تۈز بىرلە سوقۇپ بور بىرلە بۇلغاپ ئىشچىتە ئىسدىپ بوز قاپچۇغتا ئۇرۇپ كۈنچىت ياغى سوقۇپ تىش ئۈزە ئۇرزۇن سارىغ ئەرۈك ئۇرۇغى سوقۇپ بور سىركەسى بىرلە ئاغىز ـ تا تۇدسار سۇنەر.

چىش ئاغرىقىغا داۋا: قارا كالا تېزىكىنى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ (ياكى) يايلاقتىكى تۆگە مايىقى بىلەن قىزىل تۇزنى سوقۇپ مۇسەللەس بىلەن قوشۇپ تاۋىدا ئىسسىتىپ، بوز خالتىغا سېلىپ، كۆنجۈت مېيى قوشۇپ ئاغرىغان چىش ئۈستىگە يېقىپ بەرسە چىش ئاغرىقى توختايدۇ. يەنە سېرىق ئۆرۈك مېغىزىنى سوقۇپ، مۇسەللەس بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزنى چايقاپ بەرسىمۇ چىش ئاغرىقى توختايدۇ»⑪

«تىش ئاغرىغقا ئەم(؛) قارا مىرچ بىر باقىر سىركە بىرلە قايىتۇرۇپ سۇۋۇق قىلىپ ئاغىز ـ تا تۇدسار تىش ئاغرىغ كىدەر(.)

يانا ئەم(؛)بىشىغ سىگىرنى سۇۋ بىرلە قايىنتۇرۇپ ئاغىز-تا تۇدسار(،)سۇنەر(.)

چىش ئاغرىقىغا داۋا: بىر مىسقال قارىمۇچنى سىركە بىلەن قايىنىتىپ، سوۋۇتۇپ ئېغىزغا ئېلىپ بەرسە، چىش ئاغرىقى توختايدۇ.

يەنە داۋا: پىششىق سىڭىرنى سۇ بىلەن قايىنىتىپ ئېغىزغا ئېلىپ بەرسە، چىش ئاغرىقى توختايدۇ»⑫

خۇلاسە. «دىۋان»دا باش، قۇلاق ۋە چىش ئاغرىقلىرى ئوخشاشلا ئىنساننىڭ باش قىسمىنىڭ قاتتىق بىئارام بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاغرىقلار قاتارىدا سانالغان بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت ئاتاش جەھەتتە پەرقلەندۈرۈلگەن ھەمدە ئىنچىكە بولغان ئاتالغۇلار ئارقىلىق قانداق ئاغرىغانلىقى ۋە نېمە سەۋەبتىن ئاغرىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. دېمەك، «دىۋان»دا مەلۇم بىر ئەزانىڭ ئاغرىغانلىقىنى ئاتايدىغان ئاتالغۇلارنىڭ پەرقلەندۈرۈلۈپ قوللىنىلىشىدىن ئاغرىقلارنى ئوتاداش (دورا بېرىش)، ئەملەش (داۋالاش) ئۇسۇللىرىنىڭ ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1- توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى

2. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 2 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى.

3. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - توم، 52 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى.

4. ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

## ئىزاھاتلار:

①② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 1 - توم، 133 -، 361 - بەتلەر.

③ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 - توم، 384 -بەت.

④⑤ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 339 -، 245 -، 346 - بەتلەر.

⑥⑦⑧⑨⑩⑪⑫ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 - توم، 505-، 487-، 489 — 553 -، 488 -، 346 -، 463 - بەتلەر.

⑬ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 1 ـ توم، 63 ـ بەت.

⑭ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 502 ـ بەت.

⑮ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرابىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 336 ـ بەت.

⑯ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 173 ـ بەت.

⑰⑱ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 1 ـ توم، 133 ـ، 605 ـ بەتلەر.

⑲ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 2 ـ توم، 507 ـ بەت.

⑳ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 406 ـ بەت.

㉑ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 2 ـ توم، 153 ـ بەت.

㉒ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 371 ـ بەت.

㉓ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 2 ـ توم، 455 ـ 456 ـ بەتلەر.

㉔㉕㉖ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 402 ـ، 382 ـ، 382 ـ بەتلەر.

㉗㉘ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 1 ـ توم، 484 ـ، 606 ـ بەتلەر.

㉙㉚㉛ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 297 ـ، 385 ـ، 369 ـ بەتلەر.

㉜ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 1 ـ توم، 209 ـ بەت.

㉝㉞㉟㊱ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرابىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 335 ـ، 337 ـ، 340 ـ 343 ـ بەتلەر.

(ئاپتور ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تەبىئىي گۈزەللىككە دائىر تەسۋىرىي بايانلار

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

تەبىئىي گۈزەللىك ــ گۈزەللىكنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، جىسىملىرى ۋە جانلىقلارنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ شەكلىدە بولۇپ، تەبىئەت ئۆزىدىكى ھېسسىي شەكىل ئارقىلىق بىۋاستە كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ھەۋىسىنى ئويغىتىدۇ. تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئەت بىلەن بولغان باغلىنىشىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىرمۇنچىلىغان تەبىئەت تەسۋىرى مەزمۇن قىلىنغان قوشاقلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، قوشاقلاردا ئەكس ئەتكەن تەبىئىي گۈزەللىك كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش بىلەن بىللە، گۈزەللىك ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇكەممەل ئەكس ئېتىشى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ.

مەزكۇر ماقالىدە بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە جىسىملىرى، جانلىقلار گۈزەللىكى دائىرىسىگە تەۋە قوشاقلاردىكى تەبىئىي گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

مەلۇمكى، ئىنسانىيەت تەبىئەت قوينىدا ئاپىرىدە بولغان، يېتىلگەن، تەرەققىي قىلغان، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش جەريانىدا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، يەنىلا تەبىئەتتىن ئايرىلغىنى يوق. چۈنكى، ئىنسانىيەت ساپ ھاۋا، ئىللىق قۇياش نۇرى، پايدىلىق تېمپېراتۇرا ۋە سۇغا موھتاج بولۇپلا قالماي، تەبىئەت تەمىن ئەتكەن كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇقلۇق، ئولتۇراق جاي ۋە پائالىيەت سورۇنلىرىغا موھتاج. شۇنداق بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ خىلمۇ خىل پائالىيەتلىرى تەبىئەت قوينىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەبىئەت بىلەن ئىنسان ۋە ئىنساننىڭ تۇرمۇشى تېگى ـ تەكتىدىن بىر پۈتۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئىسپاتلىدىكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن ئالغان گۈزەللىك تۇيغۇسى تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ھايۋاناتلار ۋە تەبىئەت جىسىملىرىدىن چەتنەپ كەتمىگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ساپ ھالدىكى تەبىئەت تەسۋىرى قوشاقلىرىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، بۇ قوشاقلارنىڭ تارىخى شۇ دەۋردىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

قۇلان تۇگەل قومىتتى      يايلاغ تابا ئەمىتتى
ئارقار سوقاق يومىتتى      تىزىك كۆرۈپ سەكرىشۇر

باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ:

«باھار كېلىپ قۇلانلار ئويناقلاپ كەتتى، ئارقارلار، كىيىكلەر توپلىنىشتى، ئۇلار يايلاقتا قاراپ مېڭىشتى، ئۇلار قاتار ـ قاتار تىزىلىشىپ سەكرەشمەكتە» ( 1ـ توم 287 ـ بەت).

مانا بۇ قوشاقتا باھار پەسلىدىكى ھايۋاناتلارنىڭ پائالىيىتى ناھايىتى گۈزەل، ساپ، تەبىئىي ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كىشىگە گۈزەل تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىدۇ. شۇنداقلا، ئىنسانلار ياشىغان تەبىئەت مۇھىتىنىڭ سەنئەتلىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋان»دا تەبىئەت تەسۋىرلىرى خېلى كۆپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بىز بۇ قوشاقلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولغانلىقى، يۇكسەك ئاڭلىقلىق بىلەن ئەتراپتىكى مۇھىتنى ئۇلۇغلىغانلىقى ۋە كۆزەتكەنلىكى، قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇم، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئولتۇراق ئۆي ۋە ھەر خىل ھەۋەس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئەڭ ئاساسلىق ياشاش پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇلار ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك تەبىئىي ئېھتىياجى بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش دائىرىسىدە ئىجتىمائىي پائالىيەت دائىرىسىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىيلىقنى كىشىلەرنىڭ ياشاش پائالىيىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئىي مۇھىت بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلار ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى، سۇ مەنبەسى، دەل ـ دەرەخ، يايلاق... قاتارلىقلارنى تاللايدۇ ۋە شۇ نەرسىلەر ئاساسىدا كىشىلەر ئۆز تۇرمۇش مۇھىتىنى، پائالىيەت شەكلى، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

دېمەك، ئىجتىمائىيلىققا ئىگە پائالىيەت تەبىئىي شارائىت بىلەن تەبىئىي بايلىقتىن ئايرىلالمايدۇ. ھاياتلىق ئېگى بولسا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە جىسىملاردىن ھوزۇرلىنىشىدا، زوقلىنىشىدا ئىچكى ماسلىشىشچانلىق رولىنى ئوينايدۇ. ئەمدى بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى:

تۈرلۈك چەچەك يازىلدى. ئۇجماق يەرى كۆرۈلدى.
بارچىن يازىم كەرىلدى. تۇملۇغ يەنە كەلگۇسۇز.

باھارنى تەرىپلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈرلۈك گۈللەر ئېچىلدى، (يەر يۈزى) گويا يىپەك گىلەملەر سېلىنغاندەك بولدى، گويا جەننەت يېرى كۆرۈلدى، ھاۋا ئىسسىدى. سوغۇق بارسا كەلمەسكە كەتتى» ( 1 ـ توم، 161 ـ بەت). بۇ قوشاقتا تەسۋىرلەنگەندەك، باھارنىڭ كېلىشى بىلەن زېمىندا كۆرۈلگەن جەننەت كەبى گۈزەللىك تەسۋىرلىنىدۇ ۋە كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ. مەلۇمكى، جەننەتتەك گۈزەل بولغان بۇ زېمىن سىرتقى قاتلامدىن قارىغاندا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكتىن ئالغان «ساپ ھالەتتىكى گۈزەللىك»تەك كۆرۈنگىنى بىلەن بۇ خىل گۈزەللىك ئارقىسىدا ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش غايىسى، يەنى تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ گۈزەللىكىنى، ساپلىقىنى، پاكىزلىقىنى خالايدىغان تەبىئەتنى، گۈزەللىكنى سۆيۈش ئېڭىدىن ئىبارەت چوڭقۇر قاتلاملىق مەنە ۋە مۇكەممەل ئېستېتىك ئاڭ قوشاقنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بەلگىلىگەن. يەنە كۆرۈپ باقايلى:

قوچقار تەكە سەشلىدى سۆتلەر قاموغ يۇشۇلدى

ساغلىق سۈرۈك قوشۇلدى ئوغلاق قوزى يامراشۇر.

باھار تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: «ياز كەلگەچكە قوچقار، تېكىلەر ساغلىق ۋە ئۆچكىلەردىن ئايرىلدى، ساغلىق پادىلىرى سېغىشقا توپلاندى، يىلىنلىرىدىن كۆپلەپ سۈت ئاقتى، قوزىلار ئانىلىرىغا قوشۇلدى، قايتا سېغىلمىدى» ( 3_ توم 140 _، 139 _ بەتلەر).

ياراتتى ياشىل چەش تىزىلدى قاراقۇش

ساۋۇردى ئورۇك قاش تۈن كۈن ئۆزە يۈرگۈنۈر

ئاسماننى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: «تەڭرى ئاسماننى چەش رەڭگىدە ياراتتى، ئۇنى ئۆزۈككە كۆز قىلىدىغان ئورۇك قاش (تاش) تەك يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدى، مىزان يۇلتۇز (تۈركلەر ئۇنى «قارا قۇش» دەيدۇ) تىزىلدى، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر _ بىرىنى يۆگىدى» ( 1 _ توم 431 _ بەت).

يۇقىرىدىكى قوشاقتىن ئىنسانلارنىڭ ئۆز زېمىنىدا، ئۆز تۇرمۇش ئېھتىياجىنى، يەنى يېمەك _ ئىچمەك، كىيىم _ كېچەك ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان ھايۋانلاردىن كۆچلۈك گۈزەللىك تۇيغۇسى ھېس قىلىپ، زوقلىنىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىرى گۈزەل، جانلىق ۋە يارقىن ئىپادىلەنگەن.

كېيىنكى قوشاقتا تەسۋىرلەنگەن ئاسماننىڭ چەش رەڭگىدە بولۇشى، يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماننى بېزىشى، كۈننىڭ تۈننى دەۋر قىلىپ ئايلىنىشى قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇكەممەل تەسۋىرلەنگەنلىكى خەلقنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك ۋە مۇكەممەل بولغان تەبىئەت قارىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، تەبىئەتتىن گۈزەللىك ھېس قىلىش ۋە زوقلىنىشتىن ئىبارەت بۇ پسىخىك پائالىيەتتە ئاساسلىقى ياشاش ئېھتىياجى ئورنىدا تۇرۇش بىلەن بىللە، ھاياتلىق ئېھتىياجى يوشۇرۇن ھالەتتە ماسلىشىش رولىنى ئوينايدۇ. تەبىئەت گۈزەللىكىدىن كېلىپ چىققان ئېستېتىك ئاڭ بولسا، تۇرمۇش گۈزەللىكىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە نۇرغۇنلىغان تەبىئىي ئوبرازلارغا ئىنسان خىسلىتى، قىياپىتى سىمۋول قىلىنغان قوشاقلار خاتىرىلەنگەن. بۇ قوشاقلار ئاساسلىقى مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، تەبىئەت جىسىملىرى، جانلىقلار خەلقىمىز تەرىپىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئابستىراكتلاشتۇرۇلۇپ، مەلۇم دەرىجىدە گۈزەللىك ئەھمىيىتىگە ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن:

«قۇلاق ئەشتسە كۆڭۈل بىلىر،

كۆز كۆرسە ئۆزىك كەلىر»

يەشمىسى: «قۇلاق ئاڭلىسا كۆڭۈل بىلىدۇ، كۆز سۆيۈملۈكنى كۆرسە ئۇنىڭغا ھەۋەس قوزغىلىدۇ» ( 1 _ توم 283 _ بەت)

ئۆزىك ئوتى تۇتۇنۇپ

ئۆپكە يۈرەك قوغرۇلۇر

مۇھەببەتنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: «ئىشق ئوتى تۇتىشىش بىلەن يۈرەك ۋە ئۆپكە ھەم ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسى كۆيۈپ قورۇلدى».

ئۆزۈم مەنىڭ بۇدۇرسىن

ئوتى ئانىڭ چاقلانۇر

مۇھەببەتنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئۇنىڭ مۇھەببەت ئوتى ئەتراپىدا خۇددى بۆدۈنىگە ئوخشاش چۆرگىلەيمەن» (1ـ توم 666 ـ بەت). يۇقىرىدىكى دېڭىز سۈيى، قۇشلار، كۆل سۈيى، بۆدۈنە قاتارلىق تەبىئىي ئوبرازلار ئىنسان مۇھەببەت ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، گۈزەللىكى ۋە ئۆمۈرلۈك ئىكەنلىكىگە سىمۋول قىلىنغان.

ئىنسان (تېنى) بەدىنى ئەسلىدىنلا تەبىئىي خاسلىققا ئىگە مەۋجۇتلۇق، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىششقا ئەگىشىپ، تەندىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي خاسلىققا ئىگە مەۋجۇتلۇق تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يارقىن پائالىيەتچان ئامىللىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ مۇھىم زوقلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

«دىۋان»دا (ئانىڭ يۈزىگە تىتىنىپ باقسا بولماس) يەنى، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن يۈزىگە تىكىلىپ قارىغىلى بولماس» (2 ـ توم 204 ـ بەت) دەپ خاتىرىلەنگىنىدەك، «گۈزەللىكتە قارىغىلى بولماس» دېگەن قاراش بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىڭ مەھسۇلى. چۈنكى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ساھەسىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنلا ئىپتىدائىي ياۋايىلىقتىن ئىبارەت فىزىيولوگىيەلىك فورماتسىيەدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئىنساننىڭ قىياپىتىدە گۈزەللىكتە كامالەتكە يېتىش ھالىتى مەيدانغا كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنساننىڭ قامىتى، ئۇستىخان قۇرۇلمىسى، تېرىسى «چىرايىدىن قان تېمىپ تۇرۇشى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساندا مەۋجۇت بولغان تەبىئىي گۈزەللىك ئامىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ خىل ھۆسنىدە كامالەتكە يېتىشى ئەنە شۇ خىل تەبىئىيلىك بىلەن ئىجتىمائىيلىقنىڭ ئورتاق مەھسۇلىدۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن ئىنسان تېنى تەسۋىرلەنگەن قوشاقلاردىن بىز ئىككى جىنسنىڭ ئۆزئارا گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىشىنىڭ، زوق ئېلىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئىشلەتكەن بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭمۇ مول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بىراق، قوشاقلاردا كۆپىنچە ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن:

ئەردى سەنى قىز　　　يايلىر ئانىڭ ئارتۇچى
بودى ئانىڭ تال　　　بورنى تاقى قىۋال

بىر قىزنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ خۇددى ئارتۇچ دەرىخىدەك ئېگىلەتتى. بۇرنىمۇ قاڭشارلىق، كېلىشكەن بۇرۇن ئىدى» (1 ـ توم 538 ـ بەت).

بۇلنار مەنى ئۇلاس كۆز　　　ئاندىن تامار تۇگەل تۇز
قارا مەڭىز قىزىل يۈز　　　بولناپ يانا ئول قاچار

«قارا مەڭلىك قىزىل يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان خۇمار كۆز مېنى ئەسىر قىلىدۇ، ئەسىر قىلىدۇ ـ يۇ، يەنە قېچىپ كېتىدۇ» (1 ـ توم 82 ـ بەت).

كىم ئايىپ ئەشتۇر قۇلاق
ئاي ئەۋى ئارتۇچ پۇتاق

شائىر سۆيۈملۈكىنىڭ يۈزىنى ئايغا، بويىنى ئارتۇچ دەرىخىگە ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاينىڭ ئۆيىمۇ تۇرار جايىمۇ، ئارتۇچ دەرىخىنىڭ پۇتىقى دەپ كىم ئېيتقان ۋە ئۇنى قايسى قۇلاق ئىشىتكەن» (1ـ توم 489 ـ بەت).

يۇقىرىقى قوشاقلاردىن مەلۇمكى، شۇ دەۋر قىز - ئاياللىرىنىڭ تەبىئىي چىرايى ۋە بەدەن گۈزەللىك ئۆلچىمى ئىپادىسى ۋە شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ قىز - ئاياللارغا قويغان گۈزەللىك ئۆلچىمى، شۇنداقلا تۈركىي خەلق قىز - ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مۇكەممەل ئىپادىسى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قىسقىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن تەبىئىي گۈزەللىك تامچىپ تۇرغان قوشاقلاردىن بىز تۈركىي خەلقلىرىنىڭ، ئىستېتىك ئاڭ قاتلىمىنىڭ مۇكەممەللىكىنى، تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىشقا ماھىر بولۇشتەك ئەنئەنىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنغان گۈزەللىك قاراشلىرى پەقەت 11 - ئەسىردىكى تۈركىي خەلقىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىنلا ئېلىنغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنى شەكىللەندۈرگەن ھەرقايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەر ھەم ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئەجدادلىرى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا ئۆزىگە خاس گۈزەللىك يارىتىش ھەم گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىشقا ئادەتلەنگەن.

مەلۇمكى، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا رايونىنى، يەنى قاراقۇرۇم ئېتەكلىرى، تەكلىماكان گىرۋەكلىرى، تارىم - كۆنچى ۋادىلىرى، تۇرپان - قومۇل بوستانلىقلىرى ھەم ئىلى دەريا ۋادىلىرىدىن ئىبارەت كەڭ، بىپايان گۈزەل زېمىننى ئانا ماكانى قىلىپ، بۇ جايدا ئاۋۇپ - كۆپىيىپ، جامائەلىشىپ كەلگەن ئەجدادلار يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا گۈزەللىككە كۈچلۈك ئىنتىلگەن ھەم گۈزەللىكنى يارىتىش جەريانىدا ئۆز ئەتراپىدىكى ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردىن، مىنېرال ماددىلاردىن ھەم ھايۋانلاردىن ھەر خىل زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن پەرداز بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغان. بولۇپمۇ كىروران گۈزىلىدەك 4000 يىللار ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، جەزبىدار ساھىبجامال ئانىلىرىمىز گۈزەللىك يارىتىشتا ئۆز ئەتراپىدىن چىقىدىغان تۇرلۇك - تۈمەن خىل تەبىئىي بايلىقلاردىن گىرىم - پەرداز بۇيۇملىرى ياساشقا ھەم ئۇنى ياراشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ماھىر بولغان.

مەسىلەن، تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە خاس قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان كىروران گۈزىلىگە ئوخشاش يۈزلەرچە لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ دەپنە قىلىنىش رەسمىيەتلىرىدىن، بەدەنلىرىگىچە ھەر خىل گۈل - نەقىشلەر چېكىۋېلىشىدىن، يۈز ۋە كالپۇكلىرىنى تەبىئىي مىنېرال قىزىل بوياقتا بوياۋېلىشلىرىدىن، ئانىلارنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە كۆمۈلگەن تاش قاش قەلەم، تاش بوياق، سۆڭەكتىن ياسالغان سۈزگۈ - تارغاق، تاش ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان مارجانلار، مىستىن ياسالغان ھالقا، بىلەيزۈك، ئۈزۈك، مېدالىيون، زىرىلەر، ئۇپا - ئەڭلىك ۋە پەرداز بۇيۇملىرى خالتىلىرى قاتارلىق ھەر خىل بېزەك بۇيۇملار، سېھىرلىك كۈچ دەپ تونۇتۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تىلتۇمار ۋە تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەق ماددىي يادىكارلىقلىرىدىن ئانىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا گۈزەللىككە ئىنتىلگەنلىكىنى، ئۆزىنى زىبۇ - زىننەت ۋە تۈرلۈك پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن بېزەپ چىرايلىق ياسىنىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك يارىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشتەك تۇرمۇش ئادىتىگە دائىر مۇنداق نەق ماددىي يادىكارلىق مەنبەلىرى گەرچە ئۇ ئەينى زاماندىكى ئېتنىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بولسىمۇ، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئەجدادلارنىڭ گۈزەللىككە باغلانغان ئالەم قارىشى ۋە

گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ئىستېتىك قاراشلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق يازما مەنبەدىن مىسلىسىز رەڭدار ۋە كونكرېت ئەۋزەللىكنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر. قەدىمكى ئانىلىرىمىز ۋە قىز ـ چوكانلىرىمىز تۇرمۇشىنىڭ مۇنداق بىۋاسىتە، بىرىنچى قول، ئەينەن، نەق ماددىي يادىكارلىقلىرى ھەر قانداق تارىخچىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئوردا ـ قەسىر تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان تارىخنامىلىرىدىن چىن، تېخىمۇ ئەينەن، ھەقىقىي ۋە ئۆز پېتى ساقلانغان تارىخنامە ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە گۈزەللىك يارىتىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدىن بىرى. گۈزەللىك قارىشى ئىنساننىڭ ئىستېتىك تەپەككۇرى ۋە ئىستېتىك ئېڭى بىلەن بىللە ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغان. گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش، گۈزەللىككە مايىللىق، گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىش ۋە گۈزەللىككە تەقلىد قىلىش، گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا يىراق قەدىمكى زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەمگىكىدىن باشلاپ، تۇنجى تاش قورال ياسىشىدىن باشلاپ، تۇنجى ھېسسىياتى ۋە تۇنجى تەپەككۇرىدىن باشلاپ رېئال گۈزەللىكنى ھېس قىلغان ھەم شۇ ئاساستا ئىستېتىك تۇيغۇ قوزغاتقۇچى گۈزەللىك ھادىسىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى بىر مىنۇتمۇ گۈزەللىكنى بىلىش ۋە گۈزەللىك يارىتىش پائالىيىتى جەريانلىرىدىن ئايرىلغان ئەمەس.

گۈزەللىك ــ ئىنساننى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدىغان شەيئى. ئىنسان ئۆز تەسەۋۋۇرىدا، خىيال ئارزۇسىدا، رېئال تۇرمۇشىدا ئۆزىنى جەلپ قىلىدىغان ھەرقانداق ئىبارىگە نىسبەتەن «گۈزەللىك» ئىبارىسىگە تولىمۇ ھېرىسمەن ۋە مەھلىيا. ھىندىستاننىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى تاگور گۈزەللىك توغرىسىدا توختىلىپ: «گۈزەللىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرمەي تۇرۇپ، ئىنساننى كامالەتكە يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ــ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى، ياسىنىش ۋە پەردازلىنىشتەك گۈزەللىك ئادىتى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۇنجى ئەمگىكى جەريانىدا يېتىلگەن ئىپتىدائىي تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قايتا ھاسىل بولغان گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى. ئىنساننىڭ پۈتۈن پائالىيىتى گۈزەللىك تۇيغۇ ھېسسىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا، ئۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە ھامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش بارلىق مىللەتكە ئورتاق ھالەت. ئەمما، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان قارىشى ۋە ياسىنىش ئادەتلىرىدىمۇ پەرقلەر مەۋجۇت. بىز كىروران گۈزىلىگە ئوخشاش قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ ياسىنىش، كىيىنىش ئادەتلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، ئېتنىك مىللىي پۇراققا ئىگە ئەنئەنىلىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايمىز.

يەنە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىدىن بولغان «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئاسماندىن چۈشكەن كۆك نۇردىن تۆرەلگەن قىزنىڭ تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن: «... ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى، ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، بۇ مەڭ قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، (ئۇ) كۈلسە، كۆك تەڭرىمۇ قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا، كۆك تەڭرىمۇ تەڭ يىغلار ئىدى.» دەرەخ كاۋىكىدىكى گۈزەل قىزنىڭ تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن: «... ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك،

چېچى خۇددى دەريا سۇيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، كىشىلەر ئۇنى كۆرسە ئاھ دەپلا قالاتتى». يۇقىرىقى بايانلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىزنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ئەڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىق نەمۇنىلىرىدىن بىرى.

قىز ـ ئاياللار ئوبرازىنىڭ شۇنچىلىك ساھىبجامال تەسۋىرلىنىشى ئەينى ۋاقىتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنىڭ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى، يەنى ئىلگىرى گۈزەللىكنى تەبىئەتتىن ئىزدىگەن بولسا، ئەمدىلىكتە گۈزەللىكنى ئۆزلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاياللاردىن تېپىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. تارىختىن بۇيان نازاكەتلىك، ساھىبجامال ئانىلىرىمىز، جۈملىدىن قىز ـ چوكانلىرىمىز ياسىنىشقا، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە گۈزەللىككە ئېتىبارسىز قاراش — ھاياتنى مەڭگۈ خورلۇق ۋە نومۇس ياشلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈش، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبارسىز نەرسىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

ساھىبجامال ئانىلىرىمىز بولغان قەدىمكى زامان ئاياللىرى گۈزەللىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلار كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىغا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىللە، يەنە ھۆسن تۈزەش جەھەتتىمۇ مىللىي ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار گۈزەللىك يارىتىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، سۈنئىي پەرداز ئادەتلىرىدىن پەرقلىق بولغان تەبىئىي پەرداز ئادەتلىرى ۋە بۇيۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ بۇيۇملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن بولۇپ، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

قىسقىسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە گۈزەللىك تۇرمۇش ئادىتىگە دائىر مەلۇماتلارنى بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان دەۋردىن (مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىن) ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرى تارىخىي دەۋرلەر بىلەن باغلاپ (ئۇلاپ) تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گۈزەللىك قاراشلىرىنى ھەقىقىي چۈشەنگىلى بولىدۇ.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە)

# ئايازبىنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان شېئىرلىرى①دىكى مۇخەممەسلەرنىڭ ۋەزنى ھەققىدە

ئەكبەر ئەنۋەر

ئايازبىنىڭ 69 پارچە غەزىلىدىن تەركىب تاپقان تولۇقسىز دىۋانى مۇھەممەدئىمىن تۇردى ۋە ئىمىن تۆمۈرلەر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. قاراقاش ناھىيەلىك كۈتۈپخانىدىن مۇھەممەدتۇرسۇن سىدىق ئايازبىنىڭ 29 پارچە غەزىلىنى ئۆزىدە بار بولغان قولىيازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2016 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا، ئۈچ مۇخەممەسنى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2016 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان، لېكىن، بۇ شېئىرلارنىڭ ۋەزنىنى كۆرسىتىپ ئۆتمىگەن. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ ماقالەمدە شائىر ئايازبىنىڭ ئۈچ مۇخەممەسىنىڭ ۋەزنىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلدىم.

ئايازبىنىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر بايقالغان ۋە نەشرگە تەييارلانغان شېئىرلىرى جەمئىي 104 پارچە بولۇپ، 69 پارچە غەزەل «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا، 29 پارچە غەزەل «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2016 ـ يىللىق 1 ـسانىدا، ئۈچ پارچە غەزەل «باياز»نىڭ بىرىنچى قىسمىدا، بىز تۆۋەندە ۋەزنىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان بۇ ئۈچ مۇخەممەس «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2016 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

بۇ ئۈچ مۇخەممەسنىڭ بىرىنچىسى 7 كۇپلېت، «ئايرىلدىم» رادىفلىق، ھەزەج بەھرىنىڭ سەككىزلىك سالىم (V---/V---/V---/V---) شەكلىدە يېزىلغان؛ ئىككىنچىسى 22 كۇپلېت، «ئايرىلدىم» رادىفلىق، ھەزەج بەھرىنىڭ سەككىزلىك سالىم شەكلى (V---/V---/V---/V---)دە يېزىلغان؛ ئۈچىنچى مۇخەممەس «بىلە» رادىفلىق بولۇپ، رەمەل بەھرىنىڭ سەككىزلىك ئارۇز ۋە زەربى مەھزۇف شەكلى (-V-/--V-/--V-/--V-)دە يېزىلغان. بۇ ئىككى خىل ۋەزىن شەكلى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ۋەزىن شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئايازبىنىڭ بارلىق شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە بۇ ئىككى خىل ۋەزىندە يېزىلغان شېئىرلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بولۇپمۇ رەمەل بەھرىنىڭ سەككىزلىك ئارۇز ۋە زەربى مەھزۇف شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلار ئەڭ كۆپ. مۇخەممەسلەردىكى مىسرالارنى بوغۇمغا ئايرىش ئۇسۇلى ئارۇزدىكى تەقتىئى قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن. يەنى، كۆپ ساندىكى ئەسلىي تۈركىي سۆزلەر تۈركىي ئارۇزدىكى تەقتىئى قائىدىلىرى بويىچە، پارسچە سۆزلەر ھەم ئۆز قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن، ئەلۋەتتە. لېكىن، بەزى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي تىلدىكى بوغۇمغا ئايرىش قائىدىسىگە چۈشمىگەن ئالاھىدە ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بىز تۆۋەندە شۇنىڭدەك ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، بوغۇملارنىڭ پارچىلىنىش ئەھۋاللىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، بىر ھەرفى ئىللە ۋە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم شەكلى (bab)دە كۆرۈلگەن ئالاھىدە ئەھۋال.

«تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى تەقتىئى قائىدىلىرىدە بىر ھەرفى ئىللە بىلەن ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن ھاسىل بولىدىغان بوغۇملارنى بەزىدە بىر ئۇزۇن بوغۇم (-) ۋە بەزىدە خۇددى پارس تىللىق شېئىرىيەتكە ئوخشاشلا بىر يېرىم بوغۇم (v-) دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقى» ②ئۇچۇن، ئوخشاش بىر «فەرياد» سۆزىدىكى كېيىنكى بوغۇم «ياد» بەزىدە بىر بوغۇم، بەزىدە بىر يېرىم بوغۇم (v-) بولۇپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، بىر ھەرفى ئىللە ۋە ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم شەكلى (bab)دىكى پارسچە سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىر يېرىم بوغۇم بولۇپ كەلگەن؛ بۇ خىل شەكىلدىكى بەزى تۈركىي سۆزلەر ھەم بىر يېرىم بوغۇم بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: 1 ـ مۇخەممەس 4 ـ كۇپلېت 1 ـ مىسرا «چاغلاپ» دىكى «لاپ»؛ 2 ـ مۇخەممەس 6 ـ كۇپلېت 1 ـ مىسرا «ھاي ـ ھۇي»دىكى «ھاي ـ»؛ 2 ـ مۇخەممەس 6 ـ كۇپلېت 4 ـ مىسرا «تاشلاپ»دىكى «لاپ»؛ 2 ـ مۇخەممەس 11 ـ كۇپلېت 3 ـ مىسرا «تاپماي»دىكى «تاپ»؛ 2 ـ مۇخەممەس 13 ـ كۇپلېت 5 ـ مىسرا «تۇپراق»دىكى «راق» قاتارلىقلار بىر يېرىم بوغۇم (v-) بولۇپ كەلگەن. ئەرەبچە سۆز «غەممازلار»دىكى «ماز»مۇ بىر يېرىم بوغۇم (v-) بولۇپ كەلگەن.

ئىككىنچى، بىر ھەرىكە ۋە ئۈچ ئۇزۇك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملار پۈتۈنلەي بىر يېرىم بوغۇم بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: «قەدر ـ»، «مېھر ـ»، «جەۋر»، «زۇھد»، «سۇرخ». بۇ تۈزۈلۈشتىكى بەزى بوغۇملار پارچىلىنىش ئارقىلىق ۋەزىنگە ماسلاشقان. بۇ خىل ھادىسە تۆتىنچى بۆلەكتە ئايرىم چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى، بىر ھەرفى ئىللە ۋە ئۈچ ئۇزۇك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى بوغۇم بىر يېرىم بوغۇم بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، 2 ـ مۇخەممەس 16 ـ كۇپلېتتىكى:

قىلىڭ، ئەي دوستلار، چارەمنى بولدۇم زارۇ سەرگەردان

ئاستىغا سىزىلغان بوغۇم بىر يېرىم بوغۇم بولۇپ كەلگەن.

تۆتىنچى، مىسرالاردىكى بوغۇملارنىڭ پارچىلىنىشى

«مىسرالاردىكى بوغۇملاردا ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن پارچىلىنىش يۈز بېرىدىغان، يېپىق ئۇزۇن بوغۇملار ئوچۇق قىسقا بوغۇمغا ئايلىنىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.»③ بۇ ئەھۋاللار ئايازىينىڭ ئۈچ مۇخەممەسىدە تۆۋەندىكىچە:

ئالدىنقى ئىككى مۇخەممەسنىڭ بىرىنچى كۇپلېت قاپىيە ئاخىرىدىكى ـ« دىن» قوشۇمچىسى بىلەن «ئايرىلدىم» رادىف «ـ دىن ـ ئاي ـ رىل ـ دىم» ئەمەس، «ـ دى ـ ناي ـ رىل ـ دىم » بولۇپ كەلگەن. يەنى، ئەسلىدىكى ئۇزۇن بوغۇم ـ «دىن» قىسقا بوغۇم « ـ دى» غا ئۆزگەرگەن. (بۇ خىل ئەھۋال ئالدىنقى ئىككى مۇخەممەسنىڭ ھەربىر كۇپلېتىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدىمۇ ئوخشاش)

بوغۇملارنىڭ پارچىلىنىشىدا يەنە مۇخەممەس 7 ـ كۇپلېت 4 ـ مىسرادىكى «ئەرز ئېتەي»مۇ پارچىلىنىپ «ئەر. ـ زېتەي» بولۇپ ۋەزىنگە ماسلاشقان، ياكى «ئەرز» سۆزى بىر ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ كەلگەن؛ يەنە 1 ـ مۇخەممەس 5 ـ كۇپلېت 1 ـ مىسرادىكى «مەرگ ئەسىر»مۇ «مەر ـ گەسىر» بولۇپ ۋەزىنگە ماسلاشقان، ياكى «مەرگ» سۆزى بىر ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ كەلگەن، چۈنكى «تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بىر ھەرىكە ۋە ئۈچ ئۇزۇك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇملارنىڭ تەقتىئى قائىدىلىرى تۇراقلىق ئەمەس.»④ (شۇ سەۋەبتىن 2 ـ مۇخەممەس 18 ـ كۇپلېت 2 ـ مىسرادىكى «كۆكس» سۆزى بىر يېرىم بوغۇم بولۇپ كەلگەن)

بەشىنچى، مۇخەممەسلەرنىڭ ۋەزنىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلار

بۇ ئۈچ مۇخەممەستىكى مىسرالاردا بەزى ۋەزىن خاتالىقلىرى كۆرۈلگەن. لېكىن، بۇ خاتالىقلار شائىر سەۋىيەسىنىڭ يېتىشمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى كاتىپلار قولىدىن ـ قولغا ئۆتۈپ قايتا ـ قايتا

يېتىلىپ كۆچۈرۈپ چىقىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خاتالىقلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ مۇخەممەس 3 ـ كۇپلېتتىكى:

ئەۋەل بەردىڭ يۈرەك بارلاسۇ دوغلاتغا شىرى يەزىدەدەك

بۇ مىسرادىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆز «يەزىدەدەك» دەپ خاتا ئوقۇلغان، مۇنداق بولغاندا ۋەزنىگە چۈشمەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە «شىرى نەردەك» (ئەركەك شىر) دېگەن سۆز بولۇپ، ۋەزنىگە مۇۋاپىق.

2 ـ مۇخەممەس 5 ـ كۇپلېتتىكى:

بەھادۇر مەرگ/ ئەسىر قىلدى/ جانىمنى بۇز/ دى مەكانىمنى

? ? ? ? / ---v /---v /---v

مىسراسى ئەسلىي ۋەزنىگە چۈشمەيدۇ، بوغۇم سانىمۇ كۆپ، ۋەزىن ئەڭ ئاخىرقى رۇكنىدا بۇزۇلغان.

2 ـ مۇخەممەس 22 ـ كۇپلېتتىكى:

تەھەممۇل پىشە قىل مەھۋەش فەزلى بىنىھايەتدۇر

مىسراسىدا ۋەزىن بۇزۇلۇش بولغان. ئەگەر

تەھەممۇل پى / شە قىل مەھۋەش/ فەزلى بىنى / ھايەتدۇر

? ? ? ? / ? ? ? ? //---v /---v

مۇنداق بولغاندا ئۈچىنچى رۇكنىدا ۋەزىن بۇزۇلىدۇ. فەزلى (فضل) بۇ يەردە «ئىلتىپات» مەنىسىدە بولۇپ، «تەھەممۇل پىشە قىل مەھۋەش» ـ «ئەي گۈزەل، تەمكىنلىكنى كەسىپ قىل»، «فەزلى بىنىھايەتدۇر» ـ «ئىلتىپاتىڭ چەكسىزدۇر» دېگەن مەنە چىقىدۇ، بۇ يەردە بىرلا مۇمكىنچىلىك بار، يەنى «فضل» سۆزى «فەزىلى» دەپ ئوقۇلغاندا ۋەزنىگە چۈشىدۇ، لېكىن مۇشۇنداق ئوقۇشقا بولامدۇ، يوق، بۇ ئېنىق ئەمەس. «تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتىكى تەقتىئى قائىدىلىرىدە بىر ھەرپى ئىللە بىلەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن ھاسىل بولىدىغان بوغۇملارنى بەزىدە بىر ئۇزۇن بوغۇم (-) ۋە بەزىدە خۇددى پارس تىللىق شېئىرىيەتكە ئوخشاشلا بىر يېرىم بوغۇم (v-)» دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بوغۇم سانى يېتىشمىسە مۇۋاپىق ئورۇندىكى bab شەكلىدىكى (بىر ھەرپى ئىللە بىلەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن ھاسىل بولىدىغان) بوغۇمنى بىر يېرىم بوغۇم (v-) قىلىش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن. لېكىن، يۇقىرىقى مىسالدا بۇنىڭغا مۇمكىنچىلىك يوق.

3 ـ مۇخەممەس 5 ـ كۇپلېت 2 ـ مىسرادىكى «شەمئى ئۇتىدەك» ئىبارىسىدىكى «شەمئى» ئەسلىي «شمع»، ئوقۇلغۇدا «شەمئى» دەپ يېزىلغاندا توغرا بولىدۇ.

3 ـ مۇخەممەس 8 ـ كۇپلېت 2 ـ مىسرا:

نە يوسۇن خۇش كۆردۇم يەڭلىغ بويۇن كۆردۇم سېنى

دىكى، بىرىنچى «كۆردۇم» سۆزىنىڭ ئۈستىدە قول يازمىدا بىر زەممە «'» قويۇلغان، يەنى

نە يوسۇن خۇش كۆردۇمۇ يەڭلىغ بويۇن كۆردۇم سېنى

بولغاندا ۋەزنىگە مۇۋاپىق بولىدۇ.

خۇلاسە شۇكى: بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇن بوغۇم ۋە قىسقا بوغۇم بولمايدۇ، ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم بولىدۇ، يېپىق بوغۇم ھەر ۋاقىت ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ. (بوغۇمنىڭ پارچىلىنىشى باشقا ئەھۋال)، ئوچۇق بوغۇمنى ئەھۋالغا قاراپ ئۇزۇن ياكى قىسقا قىلىشقا بولىدۇ. ئۇستاز مۇھەممەد رەھىم ئۆزىنىڭ «ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە «ئارۇز ۋەزنىنىڭ بارلىق بەھر ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى بىلەن يېزىلغان شېئىر مىسرالىرىغا زەڭ سېلىپ قارايدىغان بولساق، مىسرالارنىڭ ئاخىرىدا

قىسقا بوغۇم كەلمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز»⑤ دەپ كۆرسەتكەن. مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مىزانۇل ئەۋزان»دا بېرىلگەن ۋەزىن ئۆرنەكلىرىدە سەرئى بەھرىنىڭ سالىم ئالتىلىك شەكلى (V---/-V--/-V--) دىن باشقا ۋەزىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مىسرا ئاخىرىدىكى ئوچۇق بوغۇم ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ كەلگەن. «ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ۋەزىندە يېزىلغان شېئىرلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ»⑥. «خەزائىنۇل مەئانى»دىكى شېئىرلارنىڭ ۋەزىندىمۇ ئارۇز ۋە زەرب رۇكنىلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئوچۇق بوغۇم ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ كەلگەن، قىسقا بوغۇم بولۇپ كەلگەن ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. ئايازبي مۇخەممەسلىرى ئارقىلىق كېڭەيتىلىپ تەھلىل قىلىنغان بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن:

يەنى، ئارۇز ۋەزنى كۈچلۈك مۇزىكىلىق ئاھاڭدارلىققا ئىگە، بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى مۇزىكىنىڭ ئاھاڭىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.⑦ ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلار ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ ھەربىر مىسرا ئاياغلاشقاندا بىر تىنىش بولىدۇ، مىسرا ئاخىرىدىكى ئۇزۇن بوغۇم تىنىش ئۈچۈن بوفېر (توقۇنۇشنى پەسەيتىش) رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ھەرپى ئىللە ۋە ھەرىكە بولمايدۇ، شۇڭا ئوچۇق بوغۇمنىڭ ئاخىرى «ئا، ئى، ئۇ، ئۇ» بىلەن ئاخىرلىشامدۇ ياكى «ئە، ئې، ئو، ئۆ» بىلەن ئاخىرلىشامدۇ، ئايازبي مۇخەممەسلىرىدە تىل شارائىتىغا ئاساسەن ئۇزۇن ياكى قىسقا قىلىنغان.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە ئەھۋاللاردا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۇزۇق تاۋۇش نۆۋەتلىشىپ كېلىدۇ، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ياكى ئىككى ئۇزۇق تاۋۇش بىر بوغۇمدا ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلىدىغان ئەھۋال ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ. («ئاست»، «ئۇست» سۆزلىرى «ئاساسەن»نىڭ سىرتىدا.) ئايازبي مۇخەممەسلىرىدە bbab شەكلىدىكى بوغۇمدىن كېيىن سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇم كەلگەندە، بوغۇمنى پارچىلاپ ۋەزىنگە چۈشۈرسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئىشلىتىش قائىدىسىگە بىرقەدەر مۇۋاپىق، لېكىن كېيىنكى بوغۇم ئۇزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغاندا بۇ قائىدىگە چۈشمەيدۇ.

ئۈچىنچى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، ۋەزىندە بەزى خاتالىقلار كۆرۈلگەن، لېكىن بۇ خاتالىقلار كاتىپلارنىڭ كۆچۈرۈش جەريانىدا ئەسلىي مىسراغا ئارتۇقچە سۆز ياكى ھەرپ قوشۇلۇپ قېلىشى ياكى چۈشۈپ قېلىشى تۈپەيلىدىن سادىر بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىش كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلىرىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ۋەزىن ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش، ئۇلاردىن پايدىلىنىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىقى خۇلاسە ئايازبينىڭ ئۈچ پارچە مۇخەممەسىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە بولۇپ، پەقەت ئايازبينىڭ ۋەزىن ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئومۇمىيلىققا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، تېخىمۇ كەڭ ۋە مۇكەممەل خۇلاسىگە كېلىش ئۈچۈن، ئايازبينىڭ بارلىق شېئىرلىرىنى ھەتتا پۈتكۈل كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك.

## ئىزاھاتلار:

① «شائىر ئايازبينىڭ يېڭىدىن تېپىلغان شېئىرلىرىدىن»، مۇھەممەدتۇرسۇن سىدىق نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2016 ـ يىللىق 2 ـ سان.

②②③④⑥ زەمىر سەئدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»[W]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي، بىرىنچى نەشرى.

⑤ مۇھەممەد رەھىم: «ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا»، «شېئىرىيەت ۋە تەسرات»[W]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

⑦谢万章：«‹纳瓦木卡姆›唱词阿鲁孜格律对旋律节奏的影响»,«中国音乐» ,[J] 2010年第2期.

**پايدىلانمىلار:**


1. زەمىر سەئدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»[W]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى.

2. Алишер Навоий:«Мезонул Авзон[W]», Нашрга тайёрловчи Иззат Султон. Ғафур Ғулом номидаги бадиий адабиёт нашриёи. Тошкент 1967

3. مۇھەممەد رەھىم: «ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا»، «شېئىرىيەت ۋە تەسىرات»[W]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى.

4. 谢万章：«‹纳瓦木卡姆›唱词阿鲁孜格律对旋律节奏的影响»,«中国音乐» ,[J] 2010年第2期.

5. ئەلىشىر نەۋايى: «غەرايىبۇسسىغەر» (چاغاتايچە مەتىن)، مۇھەممەدتۇردى مىرزىئەھمەد نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى، بېيجىڭ.

6. ئەلىشىر نەۋايى: «نەۋادىرۇششەباب» (چاغاتايچە مەتىن)، مىرسۇلتان ئوسمانوف نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى، بېيجىڭ.

7. ئەلىشىر نەۋايى: «بەدايىئۇلۋەسەت» (چاغاتايچە مەتىن)، ئىسراپىل يۈسۈپ، مۇھەممەدتۇردى مىرزىئەھمەد، قۇربانجان ئابدۇقادىر، ئابلىمىت قۇدرەت نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى، بېيجىڭ.

8. ئەلىشىر نەۋايى: «فەۋايىدۇلكىبەر» (چاغاتايچە مەتىن)، ئىسراپىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى، بېيجىڭ.


(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2015 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



# ئەمىر خۇسراۋ دېھلەۋىي رۇبائىيلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ماخمۇد مۇھەممەد

شەيخ سەئدىي شائىر خۇسراۋ دېھلەۋىي ھەققىدە توختىلىپ: «ھەر كىم بۇ دۇنيادا بىر نەرسە بىلەن پەخىرلىنىشى كېرەك. مەن بولسام ئەمىر خۇسراۋ دېھلەۋىي بىلەن پەخىرلىنىمەن» دېگەنىدى.

خۇسراۋ دېھلەۋىي 1253 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى پەتالى شەھىرىدە، شەھىرسەبىزلىك ئەمىر سەيپىددىن مۇھەممەد ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئەسلىي لاچىن ئۇرۇقىدىن بولغان بۇ خانىدان ھىندىستانغا كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالغانىدى.

خۇسراۋ دېھلەۋىي بىزگە قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى، «خەمسە»، «دۇۋالرانى ۋە خىزىرخان»، «نۇھ سىنىھىر»، «تۇغلۇقنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ مىڭلاپ غەزەل ۋە رۇبائىيلار شەرق ئەدەبىياتى كۆركى، جاھان ئەدەبىياتى دۇردانىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

خۇسراۋ دېھلەۋىي 1325 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئارىدىن يەتتە ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنياغا تارىلىپ، سۆيۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. قەبرىسى خەلقنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلاندى.

خۇسراۋ دېھلەۋىي رۇبائىيلىرىدا ئۇنىڭ كۆيۈك باغرىدىكى ئوتتەك يۈرىكى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن.

1

ئەي سەرۋى بويلۇقۇم، جىلۋىگەر بوستان بول،
ئەي تاڭ شامىلى، كەز چىمەندە، سەيلان بول.
ئەي گۈل، سەۋر قىلغىنكى، نەرگىس مەستتۇر،
گۈل پەردىسى ئىچرە بىر نەپەس پىنھان بول.

2

جانانە، شۇ لەۋلىرىڭ ماڭا تەسكىندۇر ،
بىر بۇسە تىلەرمەن، ئاشىقىڭ مىسكىندۇر .
دېدىڭكى، بۇ گەپنى قوي، لېۋىمدە تۇز كۆپ،
ھەي، شور دېمىگىن، شور دېگىنىڭ شېرىندۇر ...

3

سەندىن نەچچە جەبرىيۇجاپا كۆرگەيمەن،
ھەممىسىگە ئۆزۈمنى رىزا كۆرگەيمەن.
كۆڭۈل بارىچە مەن سېنى كۆرسەم دەيمەن،
نۇر پۈتكىنىچە كۆزۈمدىن تا كۆرگەيمەن.

4

كۆلسەڭ جانانىم نازلىق كۆزۈڭ ناز ئېتەر،
گۈل ئىككى مەڭزىڭدە دايىما پەرۋاز ئېتەر.
گەر غۇنچە لېۋىڭدىن سۆز تىلەر بولسا، دىلدار،
گۈل ـ گۈل ئېچىلىپ، ئۆزىنى پەرداز ئېتەر...

5

دىدىمكى، لېۋىڭدە كۆپ شېكەرلەر باردۇر،
دېدىڭكى، كۆزۈڭدە كۆپ گۆھەرلەر باردۇر.
دېدىمكى، پەقىرمەن، دېدىڭكى، بەس قىل،
يۈزۈڭدىن ئايان بولدىكى زارلار باردۇر.

6

ئىشقىڭ مېنى سەرسانەيۇ، ھەيران قىلدى،
ئەقلىمنى ئېلىپ، رەڭگىمنى سامان قىلدى،
ھەرقانچە مۇڭ ئېيتسام ئادا بولماس دەردىم،
يۇيۇلماس دىل دېغى، باغرىمنى قان قىلدى.

7

جانان، ئىچىۋەر، بەزمە داۋامىڭ بولسۇن،
قېنىم تۆكىۋەر، قىپقىزىل جامىڭ بولسۇن.
مەي ساڭا ھالالمىش، نىگارا، لېكىن
مەنسىز ئۇنى سۇمۇرسەڭ ھارام بولسۇن.

8

ئەي يار، غەمگە ئەسىرۇ مۇپتىلامەن سەنسىز،
شۇ بارچە جاھاندىن ھەم جۇدامەن سەنسىز.
— مەنسىز نە قىلۇرسەن؟ — دەپ بىر سورىمىدىڭ،
بىلمەسمەن ئۆزۈممۇ، ۋاي، ئادامەن سەنسىز.

9

جانان، سالغان جاپايىڭدا گەر ئۆلگەيمەن،
ئەمرىڭ ۋە رىزايىڭ بىلەن بەتتەر ئۆلگەيمەن.
مېھرىڭ بىلەن يەنە ئۆزۈمگە جان تاپقايمەن،
جېنىم تولۇپ مېھرىڭگە لىق، خۇش كۆلگەيمەن.

10

ئەجەب دىگەر ۋاقتى بولدى ـ يۇ، يارىم كەتتى،
ھىجران كۆكىدە قۇشمەنۇ، باھارىم كەتتى.
غەم ئارا نېتەيكى، دىلى زارىم كەتتى،
تۇن ئىچرە قېلىپ، سەۋرۇ ـ قارارىم كەتتى.

11

جېنىم ، ئەي جانانە، ئەھدۇ ـ ۋاپايىڭغا پىدا ،
بېشىم ھەمىشە بوسۇغاڭ، دەرگاھىڭغا پىدا .
ئۆز ھاۋايۇ ـ ھەۋىسىدە يۈرەركەن ھەر گۇل،
ئەزبىرايى، دىلىم ھەۋەسۇ ـ ھاۋايىڭغا پىدا .

12

ياق، كۆز دېمەڭ، ئۇ پىتنەئىي جاھاننى كۆرۈڭ،
ياق، چاچ دېمەڭ، ھەريانغا ساچىلغاننى كۆرۈڭ.
ئول دەمكى رومال ياپتى، نىقابىن ئاچسا،
ۋاي، قاش دېمەڭ، ئوقيالىق كاماننى كۆرۈڭ.

13

لېۋىڭ كەبى، يار، غۇنچەيۇ خەندان يوق،
يۈزۈڭ كەبى گۇل، چىمەندە بوستان يوق.
لېۋىن چىشلەرمىش لېۋىڭنى كۆرگەن پىستە،
ئەمما نە ئىلاجكى، ئاغزىدا دۇردان يوق...

14

ئۇ سەرۋى بوي سەيلە قىلسا شاد بولاركەن،
دىل ئەگىشىپ ئاڭا، غەمگە يات بولاركەن.
ئىشقىدا چۇل ـ چۇل بولۇپ چېقىلغان كۆڭلۈم،
ئاخىر شامالدەك ئۇچۇپ، بەربات بولاركەن.

15

بىر كېچە ۋىسالىڭ، جانانە، يار بولغاي،
لېۋىڭ يەنە لەۋلىرىمگە ئەسرار بولغاي .
كۆزۈمنى سۈرەي دەيمەن ئايىغىڭغا، لېكىن،
كۆز يېشىمدا ئاياغلىرىڭ ئەبگار بولغاي ...

16

ھىجراندا ماڭا دائىم يارسەن، ئەي غەم،
بەس، مەندە نېمە غەم، غەمگۇزارسەن، ئەي غەم.
كۆڭلۈمدە ماكان تۇتۇپسەن، ۋاي، ئىنساپ قىل،
تا ئەزەلدىن بار ئىدىڭ ۋە بارسەن، ئەي غەم...

17

ھەسرەتكە كۆمۈلگىنىم مۇبارەك بولسۇن ،
زەخمەت يېگەن يۈرىكىم مۇبارەك بولسۇن .
بىر قېتىم كۆرەلمىدىم يۈزۈڭنى، ئەي يار ،
كويۇڭدا شۇ ئۆلگىنىم، مۇبارەك بولسۇن ...

18

ۋىسال پەيتى ـ مەۋسۇمىدىكى خۇش دىلدارلىق
كەچتى مەندىن، قالدى پەقەت شۇ غەم ـ زارلىق.
تۈنلەردە جانان ۋەسلى بىلەن ئويغاق ئىدىم
ناھات چۈش بولسا، ئەسلىدىچۇ بىدارلىق.

19

دېدىم: كېچىلەر قېشىمغا كەل، كەڭلىك قىل،
دېدىكى: نالە ـ پىغاننى سەن دوستۇڭ بىل.
دېدىمكى: جاپا قىلىۋەرسەڭ ئاھ ئۇرارمەن،
دېدىكى: بىرئەمەس، يۈز قېتىم شۇنداق قىل.

20

نە ئالتۇن تىلەپ، يۈرىكى ئاتەشتۇرمىز،
نە تەنەيۇ تاپا بىلەن كۆڭلى غەشتۇرمىز.
بىر بۇردا قۇرۇق نان بىلەن سۇ، تىنچلىق شۇ،
يەنە، بۇ تىرىكلىك بىلەن بىز خۇشتۇرمىز...

21

ھايات كارۋىنىغا باق، ھامان ئۆتكۈسىدۇر،
پۈتمەس غەم، رەنجىش بىلەن راۋان ئۆتكۈسىدۇر.
ئۆتكەن بىرەر دەمگە نىجاتلىق يوق، ئۆمۈر
ئەپسۇسكى، ئۆتەردە چاققان ئۆتكۈسىدۇر.

22

نورۇز كەلسەيۇ، غۇنچىغا يۈز ناز كەلگەي،
گۈل چېھرىسىگە يېقىملىق پەرداز كەلگەي.
نورۇز كېتەركەن ـ ئۆزىدىن كەتكەي گۈل،
نورۇز كېلەر گۈلگە يەنە پەرۋاز كەلگەي.

23

ئىشقىڭ تىلەپ ھەر قاچان كەلسەم، ۋىسال يوق،
كۆيسەم قانچە ئۆرتىنىپ، ماڭا خۇشھال يوق.
ۋەسلىڭنى تىلەپ يىراقتا يۈز يىل يۈرسەم ،
ئەگەر كېيىن ئۇنۇتسام سېنى... ئامال يوق!

24

ھەر نېمە بۇيرۇسا يار، كېلىپ ـ كەتكەيمىز،
يۈز نالەيۇ زار قىلىپ، كېيىن كەتكەيمىز.
خۇش قىلالماس ھېچ ئۆزگىچە خىزمەت بىزنى،
بۇ جاننى پىدا قىلىپ، كېيىن كەتكەيمىز .

25

جانان، بۇ جاي گاھى باغۇ ـ بوستاندۇر، كۆرگىن،
ۋاقىت يەتسە گۈل بەرگى قىزارغاندۇر، كۆرگىن.
گۈل دەپ نېچۇن سەن قولۇڭنى ئاچارسەن، ئەي يار،
قول ئاچكى، قولۇڭدا گۈل ھاماندۇر، كۆرگىن.

26

مەشۇقتىن بۇسە تىلەپ يۇ جان ئاۋارە،
ۋەسلىگە يېتەلمەستىن كۆڭۈل بىچارە.
كۆردۇمكى، يېرىلغانىكەن لېۋى، سۆيدۇم،
كۆلدى ـ يۇ بەردى جاۋاب بارمۇ چارە؟...

27

ياق، ياق، نېچۇنكى قەن ئۇچۇن ئۆلگەيمەن،
ئۆلسەم ئاشۇ گۈل ـ لەۋەن ئۇچۇن ئۆلگەيمەن.
دېدىڭكى: پەقىرلىك بىلەن ئۆمرۈڭ ئۆتتى،
ئەيىب ئەيلىمە يار، سەن ئۇچۇن ئۆلگەيمەن.

(تەرجىمە قىلغۇچى: شىنجاڭ رادىيو ـ كىنو تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن ئارامغا چىققان )

توپلاپ رەتلىگۈچى: سېيىت ئاخۇن تەۋەككۇل

# مۇھەببەت قوشاقلىرى

ئاق چاپاننىڭ تۈگمىسى
كۆك چاپانغا ئوخشىماس.
كونا يارنىڭ ئوتلىرى
يېڭى يارغا ئوخشىماس.

مەن بازاردىن ئەپ بېرەي
پۈتلىرىڭغا بەتىنكە.
ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى
دېمەي تۇرغىن ھەدەڭگە.

جىنەستەيۇ ـ جىنەستە،
تۈگەپ كەتتى يېمەستە.
مېنى ئوتقا سەپ قويۇپ،
سەن يۇرسەن بىخەستە؟

گىتار بەرسەم سىم تارلىق
ئولتۇرۇپ چالالامسەن؟
ئويناپ ـ كۈلۈپ ئېچىلىپ
كۆڭلۈمنى ئالالامسەن؟

ئەجەبمۇ چىرايلىقكەن
پېشايۋاننىڭ جەگىسى.
يۇرەكلەرنى كۆيدۈرگەن
قېشىڭىزنىڭ ئەگمىسى.

چالماي تۇرۇپ ئۈزۈلدى
دۇتتارىمنىڭ تارىسى.
بىزگە يىراق كېلەرمۇ
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

دۇتتار چالسام ئولتۇرۇپ
جاراڭلايدۇ تارىسى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
قېشىڭىزنىڭ قارىسى.

ياراتمايدۇ چوكانلار
قارا بېشىم تازمىدۇ؟
يارىم سېنىڭ دەردىڭدە
كۆرگەنلىرىم ئازمىدۇ؟

ئاسماننى تۇمان باستى
ئاي يۈزىنى كۆرمىدىم.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى
يار لېۋىگە سۆيمىدىم.

يارىم سېنىڭ مەلەڭگە
كەلدىم ئويناپ كۆرگىلى.
پېشانەمگە يازغانمۇ
دەردلىرىڭدە ئۆلگىلى.

باراڭدىكى ئۈزۈمنى
ساناپ باقسام سان بولدى.
يارىم سېنىڭ دەردىڭدە
يۈرەك ـ باغرىم قان بولدى.

ئالما ئاتسام تۇت يارىم
سېلىۋالغىن قوينۇڭغا.
ئاخشامىلىقتا چىق يارىم
مۇڭداشقىلى ھويلاڭغا.

قاپقارادۇر كۆزلىرى،
شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرى.

بۇ دۇنيادا تېپىلماس
قىزىلگۈلدەك ئۈزلىرى.
يۈزلىرى ئالما يۈزلۈك،
لەۋلىرى ئانار يارىم.
ئۇنىڭ سالغان ئوتلىرى
ئىچىمدە يانار يارىم.

قاشىڭ قارا قۇندۇزمۇ؟
كۆزۈڭ ئويناق يۇلتۇزمۇ؟
مۇڭداشقىلى يار بىلەن
كېچە بارايمۇ، كۈندۈزمۇ؟

ئۆگزەمگە توخا چىقتى،
تاخ دېسەم توپا چۈشتى.
بىرلا كۆرۈشۈم بىلەن
بۇ كۆڭلۈم ساڭا چۈشتى.

دۇتتار چالىمەن ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
يىغلىماڭ قارا كۆزۈم،
ئاخىر ئالىمەن ئۆزۈم.

ئاخشام كېلىپ هويلاڭدا
ياغاچقا سالدىم رەندىنى.
كۆيەك ئوتقا سالمىسۇن،
مەن بىچارە بەندىنى.

مەن ئېتىمنى سالمايتتىم
دەريا بويى لۆملۆمگە.
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

يامغۇر يېغىپ رەڭ ئاپتۇ
ئەتراپتىكى بوستانلار.
كېتەر بوپتۇ بىزنىڭ يار
بېرىپ ئالدىن توسماڭلار.

دۇتتار پەدىسى پەدە،
باش پەدە يامان يەدە.
ئۆيىنىغلى قويىمامسەن،
كۆڭلۈم خالىغان يەردە.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بەلگىسى قارا تاشتا.
بېشىڭدىن تۇمار ئۆرۈپ
نېمىشقا بەرمىدىڭ باشتا؟

شامال كەلسە مەلەڭدىن
بىز تەرەپكە ئەگىيدۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك
قانداق قىلسام سەگىيدۇ.

كىملىكىڭنى بىلدىمەن
پېشانەڭدىكى تەردىن.
سېنىڭ يارىڭ كەلمەيدۇ
كالتەيلاق دېگەن يەردىن.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى
بىر غولاچ بېغى بىلەن.
كېتەرمەنمۇ دۇنيادىن
يۈرەكىنىڭ دېغى بىلەن.

سۇنى ئاچقىن ئېرىققا،
ئاتنى باغلا تېرىققا.
كۆڭۈل شۇندا ماڭارمۇ
ئايشەم دېگەن سېرىققا.

كۆيگەن ئىدىم باشتىلا
يارنىڭ زىلۋا بويىغا.
يەتكۈزمىدى دۈشمەنلەر
ئىككىمىزنىڭ ئويىغا.

ئېگىز تاغنىڭ قارلىرى
ئېگىزلىمەي پەسلەيدۇ.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلساق
بىزنى كىملەر ئەسلەيدۇ.

شىلدىرلايدۇ شامالدا
قىر بېشىدا قومۇشلار.
كۆيگىنىمنى بىلمەيدۇ
لاي سۇ ئىچكەن گومۇشلار.

ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ توغاچ،
ئۈستەڭ بويىدا بولغاچ.
يۈرەك شۇنداق ئويناركەن
تام قوشنا يېقىن بولغاچ.

قوغۇن تېرىدىم قەندەك،
ئەلمۇ تېرىسۇن مەندەك.
يار دەيمۇ تۇتامدىغان
ۋاپا قىلمىسا سەندەك.

مەن سەپەرگە ماڭغۇچە
يولۇڭدىن ئۆتەر بولدۇم.
كېلىپ كۆرسەڭ ھالىمنى
دەردىڭدە ئۆلەر بولدۇم.

مەلەڭدىن تولا ئۆتتى
ئات ـ ھارۋىلار توختىماي.
ئەسلەيمەن سېنى دائىم
ھەر ئاخشىمى ئۇخلىماي.

بېشىمدىكى كەمچەتنى
گۈل سېلىپ تىكىۋالدىم.
يارىم بەرگەن ياغلىقنى
باغرىمغا تېڭىۋالدىم.

يارىمنىڭ ئېتى مەرەم،
چاچلىرى تۈگۈن چۆژە.
مېنى دېسەڭ قاراتماي
باشىمدىن تۇمار ئۆرە.

شاپتۇل بېغى باغ ئەمەس،
چىگىت يېغى ياغ ئەمەس.
كۆيۈك ئوتى ئالدىدا
كۆمۈر چوغى چوغ ئەمەس.
تال چىۋىقتەك بېلىڭگە
تاۋار ياغلىقىڭ بولاي.
ئۆرۈلۈپ قامچا سالساڭ،
چۆرگۈلەپ تازىم قىلاي.

ئېگىز ئايۋاندا پېشايۋان
ياتمىغانغا بولمىدى.
يار ئوتى يامان ئىكەن
تارتمىغانغا بولمىدى.

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ
يارنىڭ قولىدا پەلەي.
ئەمدى قانداق قىلارسىز
باشتا كەلمىگەن تەلەي.

يول بويىدا ئاق تېرەك،
ھەر كۈن ساناپ ئۆتىمەن.
مېنىڭ يارىم كەلگەندە
مېھمان قىلىپ كۈتىمەن.

ئاققىنا چىرايىڭغا
ئاق دوپپاڭ يارىشىپتۇ.
ئاق دوپپىنى سەن كىيسەڭ
پۈتۈن ئالەم قارىشىپتۇ.

چىقىۋاپسەن ئۆگزەڭگە
ئالەمنى كۆرەي دەمسەن.
يا گېپىڭ يوق، يا سۆزۈڭ،
قىيناپ ئۆلتۈرەي دەمسەن.

دولاڭدىكى چەكمەنمۇ،
قولۇڭدىكى كەتمەنمۇ.
ناخشا ئېيتسام تىڭشايسەن،
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ؟

ئەجەب مېنى تاشلىدىڭ

دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا.
ساڭا ئازراق گېپىم بار
قىلىۋالاي خالىيدا.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
كۆرە يولىدا تېرەك.
ئانچە ـ مۇنچە كەپ تۇرسىلا
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

جاڭگالدا تولا ئىكەن
ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى.
بىلمەك تەسكەن كۆڭۈلنى
يارنىڭ بارمىدۇ مەيلى.

ئېرىقىڭنى بويلايمەن،
كۆندە سېنى ئويلايمەن.
كىرىۋالسام كۆڭلۈڭگە
سېنى ئارام قويمايمەن.

يارىم كېتىمەن دەيدۇ،
مەندە باشقا چارە يوق.
بۇ دەردلەرنى تارتمىسام
باشقىلارنىڭ كارى يوق.

نەگە بارسام ئويلايسەن،
گەرچە تۇرسام يىراقتا.
قاچانغىچە كۆيىمەن
ئىشق ئوتى دوزاختا.

ئالمىلارىيۇ ـ ئالمىلار،
باغدا پىشقان ئالمىلار.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
سەتنى سۆيگەن لالمىلار.

باغقا كىردىم ئالمىغا،
بارمۇ باغنىڭ ئىگىسى.
ئۆزلىرى ئوبدان بالا،
كىمنىڭ كەلمەس سۆيگۈسى.

شامال ئۇرۇپ چاچمايدۇ
بۇغدايلارنى چەگمىسەم.
بۇ كۆڭۈل قانداق ئۇنار
بەللىرىنى ئەگمىسەم.

سەھەردىكى شامالغا
تۇردۇم مەڭزىم سۆيدۈرۈپ.
ئەتىرگۈلدەك لېۋەن قىز
كېلەر يۈرەك كۆيدۈرۈپ.

لاينى ئەتتىم ئۆگزەمگە
بىر تالمۇ سامانى يوق.
يار بولساڭ چىقىۋەرگىن،
بۇ ئىشنىڭ يامانى يوق.

تاۋار كەسكەن رەخلىدە،
چاپان ئەتكىن يارىيار.
جاپالارغا بىز ئىگە،
ئامان ئۆتكىن يارىيار.

بېشىمدىكى تۇماقنى
ئېلىپ ئاتساڭ چۈشەرمۇ؟
كېچىلىرى يار بىزنى
ئۇخلاپ يېتىپ چۈشەرمۇ؟

ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
داۋانچىڭنىڭ داۋىنى.
ئۆلگۈچە چىقمايدىكەن
كۆيۈك ئوتنىڭ يامىنى.

بېرىپ ئالسام تۈگمەس،
هويلىڭىزدا قار بارمۇ؟
كېزىپ كەلسەم جاھاننى
سىزدەك ياخشى يار بارمۇ؟

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئالماڭ ئۆزگۈدەك بوپتۇ.
كېچىككىنە شۇ يارىم

قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

ئالمىخاننىڭ ئۆيىدە
تاش ـ كېسەكتە قوپۇق بار.
ئالمىخانغا زەن سېلىڭلار،
قاش ـ كۆزىدە يوپۇق بار.

گۈل غۇنچە، گۈلۈم غۇنچە،
كۆيدۈرسەن نېمە مۇنچە.
لەۋلىرى قىزىل گۈلدەك،
چىشلىرى سەدەپ ـ ئۈنچە.

لەڭپۇڭ يېسەم شەھەردە
كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى.
سېنىڭ بىلەن مېنىڭدەك
كىملەر چېلىشىپ كەتتى.

ئۆستەڭ بېشى چىمەن باغ
يارىم كېلىپ كۆرسىڭىز.
چىمەن باغنىڭ ئىچىدە
يارىم مېنى سۆيسىڭىز.

ئاق بۇغدايىنىڭ چارىنى
غەلۋىر تاسقىمايدىكەن.
خەقنىڭ يارىنى تۇتسا
جانغا ئەسقاتمايدىكەن.

سەن ئوغلاققا چىقمايسەن،
مەنەرگە تايچىقىڭ يوقمۇ؟
تام تۈۋىدە يېتىپ قاپسەن،
سۆيگەن ئامرىقىڭ يوقمۇ؟

بېلىمدىكى ئاق تاناپ
ئۆيدە پەن بىلەن قالدى.
راست گېپىڭنى قىل يارىم
كۆڭلۈم سەن بىلەن قالدى.

كۆرگىلى كەلمەيدۇ ئەل
قار سەيلىسى بولمىسا.
ئۇنتۇماقمۇ تەس ئىكەن
يارنىڭ مەيلى بولمىسا.

ھەممە ئىشنى بىلسەن،
خاتارىڭنى بىلمىدىم.
قاچان كېلىسەن يارىم،
يانارىڭنى بىلمىدىم.

يار كەتتى يىراقلارغا
مىنگەن ئاتلىرى يايتاق.
يارلار ئايرىلىپ بىزدە
ئامەت كەتتىمۇ قانداق.

ئۆگزەمگە چىقاي دېسەم
شوتامىمۇ سۇنۇپ كەتتى.
يارنىڭ قىلغان ئەلمى
ئىچىمگە تولۇپ كەتتى.

ئۆگزەمدە كەپتەر،
تاماكا سەپ بەر.
تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
يارىمنى تەپ بەر.

ئاغزىمدا سۇناي،
ھويلامدا كاناي.
مېنىڭ يارىم كەتمىسۇن،
قولۇمنى سۇناي.

ئاتلار ئورۇقكەن،
مىنگىلى بولماس.
ساڭا بىر گېپىم بار،
دېگىلى بولماس.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ بېشىدا
يولۋاسلار تولا.
سىلىدەك ئۈز ـ سەتەڭگە
قولداشلار تولا.

ئاستا مېڭىپ، چاپسان مېڭىپ
تارىمغا كەتتىم.
قانداق بولسۇن بولمىسۇن
يارىمغا يەتتىم.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئوينىاي دەپ كەلدىم.
سەن يارىمنىڭ ھۆسنىنى
ئويلاي دەپ كەلدىم.

ئۇيان ئۆتۇپ، بۇيان ئۆتۇپ
توساي يولۇڭنى.
قانچە گۇناھ بولسىمۇ
تۇتاي قولۇڭنى.

كېلىۋاتقان سەتەڭنىڭ
توستۇم يولىنى.
نازلىغانغا ئۇنىماي
تۇتتۇم قولىنى.

ئىشلەپ ھېرىپ كەلگەندە
ياتقۇم كېلىدۇ.
ئۆزلىرىنىڭ قېشىدا
ياتقۇم كېلىدۇ.

ئۇ يانمۇ تاغ، بۇيانمۇ تاغ
ئېرىمەيدۇ قار.
بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە
قارىمايدۇ يار.

ئاتلىرىمنى باقتىم مەن
يېڭى ساماندا.
ۋىسالىڭغا يېتەلمەي
كەتتىم ئارماندا.

مەن ئويماق كېسەي دېسەم،
پىچىقىمنىڭ سېپى يوق.
ئايرىلغاندا يار بىلەن،
ئىشلىرىمنىڭ ئېپى يوق.

قامچا سېپى كەستىم مەن
پىچىقىمنىڭ سېپى بىلەن.
ئوينىساڭ تۈزۈك ئوينا
ھەر ئىشنىڭ ئېپى بىلەن.

ئىشىك ئالدى كەڭ ئۆستەڭ،
ئاتلاپ ئۆتكىلى بولماس.
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن
تاشلاپ كەتكىلى بولماس.

(توپلاپ رەتلىگۈچى: قورغاس ناھىيە لەڭگەر
يېزا بەشكېرەم كەنتى )

# ئەل ـ يۇرت توغرىسىدا ماقال ـ تەمسىللەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: شېرىنگۈل ھاسانىيازنۇر

1. ئاتا بالىسى ئەل ئىچىدە تۇغۇلار.
2. ئادەم يۇرت بىلەن ياشار،
ھۆپۈپ قۇرت بىلەن ياشار.
3. ئانىسى تاشلىغان تايىنى بۆرە يەر.
4. ئاۋات شەھىرىڭدىن
ئەسكى تاملىق يۇرتۇم ياخشى.
5. ئانىسى تاشلىغان تايىنى بۆرە يەر،
ئېلى تاشلىغان ئەرنى گۆر يەر.
6. ئالتۇن چىققان ئۆزگە يەردىن،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز يەر ياخشى .
7. ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار،
مۇساپىر ئايلىنىپ يۇرتىنى تاپار.
8. ئانا يۇرتنىڭ قوينى كەڭ،
كەمبەغەلنىڭ كۆڭلى كەڭ.
9. ئانا يۇرتنىڭ تۇپىسى تۇتىيا .
10. ئالما دەرىخىدىن يىراق چۈشمەس.
11. ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە ،
ئەلنىڭ بالىسى بول.
12. ئالتۇن چىققان ئەزىز جاي.
13. ئالتۇن قەپەستىن
تىكەنلىك ئۇۋا ياخشى.
14. ئايرىلمىغىن ئېلىڭدىن ،
قۇۋۋەت كېتەر بېلىڭدىن.
15. ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە،
سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.
16. ئەل ئارىلىغان سىنچى،
توقاي ئارىلىغان ئويچى.
17. ئەل ئامان ـ شەھىرىڭ ئامان.
18. ئەلدە ئابرۇيۇڭ بولسا،
چۆلدە يۈكۈڭ قالماس .
19. ئەلدىن سورىغۇچە يەردىن سورا.
20. ئەل ئامانلىق تىلەر ،
دۈشمەن يامانلىق تىلەر.
21. ئەل باسمىغان يەردە كۆپ يۈرمە.
22. ئەل بىلەن ئۆلۈم، بەجايىكى توي.
23. ئەلدىن ـ ئەلگە نەپ،
بولمىسا كۆتىگە تەپ.
24. ئەل رەھمىتى — خۇدا رەھمىتى.
25. ئەل سۆيمىگەن ئەر،
مېۋىسىز قاقشال دەرەخ.
26. ئەل قايان، سەن شۇ يان.
27. ئەلقىساسۇ مىنەلھەق.
28. ئەلگە باققان خار بولماس،
29. ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن،
ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن.
30. ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن ئەر ئۆلمەس.
31. ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك.
32. ئەل ھىممىتى دەريا.
33. ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار،
ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار.
34. ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار.
35. ئەل جېنى بىلەن ،
ھەشقىنز ئېرى بىلەن.
36. ئەلگە باققان خار بولماس.

37. ئەلنىڭ جېنى چىقسا،
گالۋاڭنىڭ كۆلكىسى چىقار.
38. ئەل ئۇچۇن ئەل بول،
بولمىسا يەر بول.
39. ئەل ئۇچۇن ئۆلسەڭ، كۈلۈپ ئۆل.
40. ئەلنىڭ ھەممىسى ياخشى،
ئۆز ئېلىڭ ھەممىدىن ياخشى.
41. ئەلگە يامانلىق تىلىگەننى،
ئەل ئىچىگە ئالماس.
42. ئەلنىڭ ئالدىدا ئەگرىلىك قىلما.
43. ئەلنىڭ ھىممىتى — دەريا.
44. ئەر يىگىت ئۆزى ئۇچۇن تۇغۇلۇپ،
ئېلى ئۇچۇن ئۆلەر.
45. ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن ئەر ئۆلمەس.
46. ئەل بىلەن كېسىلگەن بارماق قانىماس.
47. ئەل ئۆرۈلسە تاغ چۆرگۈلەر.
48. ئەل سۆيگەننى ئەر سۆيەر.
49. ئەلدە يوق — ئەردە يوق.
50. ئەلنى ئالدىغان تورغا چۈشەر.
51. ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار،
يۈز يىلدا قازان يېڭىلىنار.
52. ئەل ئېغىرىنى ئەل كۆتۈرەر ،
يۈك ئېغىرىنى يەر كۆتۈرەر.
53. ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس،
ئەر بار يەردە ئەل خار بولماس.
54. ئەلدىن ئايرىلغۇچە، جاندىن ئايرىل.
55. ئەر ئەل بىلەن گۈللىنەر.
56. ئەرنىڭ ئاتىسى ئەر.
57. ئەلگە قىلساڭ يامانلىق،
تاپالمايسەن ئامانلىق.
58. ئەل بەرگەندە دوستۇڭ بولسۇن،
يەر بەرگەندە قوشۇڭ بولسۇن.
59. ئەلگە بەرسەڭ ئېشىڭنى،
ئەل سىلايدۇ بېشىڭنى.
60. ئەر كۆيگەنگە كۆيمە،
ئەل كۆيگەنگە كۆي.
61. ئەلگە قىلساڭ مەنمەنلىك،
ماڭغان يولۇڭ تىكەنلىك.
62. ئەر ئۆز ئېلىدە ياخشى،
گۈل ئۆز يېرىدە ياخشى.
63. ئەلنى سۆيگەن خار بولماس،
يەرنى سۆيگەن زار بولماس.
64. ئەل ئېيتماس، ئېيتسا خاتا چىقماس.
65. ئەل نەزىرىدىن چۈشسەڭ ،
تۇرغىلى يەر تېپىلماس.
66. ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس،
دان بەرمىگەن يەر ئەمەس.
67. ئەل سۆيمىگەن شاھتىن،
خەلق سۆيگەن گاداي ياخشى.
68. ئەل سۆيمىگەن ئەردىن،
گىياھ ئۈنمىگەن يەر ياخشى.
69. ئەرنىڭ غېمى — ئەلنىڭ غېمى.
70. ئەل تەۋرىسە، يەر تەۋرەر.
71. ئەل ئۇچۇن چەكسەڭ جاپا،
ئەل سېنى قىلماس خاپا.
72. ئەل تىلىكىنى ئەل ئاقلار،
يەر داڭقىنى ئەر ساقلار.
73. ئەل سىلىسا ئەل ئايىغى ،
ئەل سىلىمىسا ئىت يالىقى.
74. ئەلنى شاد قىلساڭ ئېشىڭنى يەرسەن ،
ئەلنى قاقشاتساڭ بېشىڭنى يەرسەن.
75. ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك.
76. ئەل ئۇچۇن ئەر كېرەك.
77. ئەل قوينى جەننەت.
78. ئەل ئۇچۇن يىغلىمىغان كۆزسىز قالۇر.
79. ئەل ئىشىغا ھىممەتلىك،
ئەل ئاغزىدا قىممەتلىك.
80. ئەر يەكلىگەننى ئەل يەكلەر،
ئەل يەكلىگەننى يەر يەكلەر.
81. ئەل بىر چىمدىمدىن سالسا كۆپىيىدۇ،

بىر چىمدىمدىن ئالسا سورىيدۇ.
82. ئەل بىر پەرياد چەكسە،
سەن مىڭ پەرياد چەك.
83. ئەل ساڭا غۇنچە تۇتسا ،
سەن گۈلدەستە تۇت.
84. ئەلدىن تانغانلىق ــ ئەقلىدىن ئازغانلىق.
85. ئەل سۆيگەننىڭ يۈزى يورۇق.
86. ئەل ئۇچۇن ئوتقا چۈشسەڭ كۆيمەيسەن.
87. ئەل تىنىچ، سەن تىنىچ.
88. ئەل كۆكەرسە، ئەر كۆكىرەر.
89. ئەلدىن ئايرىلغان پادىشاھ قەلەندەر بولۇر.
90. ئەقلىڭ بولسا يۇرتۇڭنى باي قىل.
91. ئەل سۆيگەننىڭ ئالدى ئۇچۇق،
سۆيمىگەننىڭ كەينى ئۇچۇق.
92. ئەل ياندۇرغان چىراغنى،
«پۇۋ» دېگەننىڭ ساقىلى كۆيەر.
93. ئەلنىڭ بالىسى بولساڭ ئەر بولىسەن،
بولمىسا يەر بولىسەن.
94. ئەل تەختتىن ئايرىلسا،
ئەر بەختتىن ئايرىلار.
95. ئەل ئامان بولسا،
پادىشاھ غەمسىز بولۇر.
96. ئەل سۆيگەن يەر ــ مېۋىلىك دەرەخ.
97. ئەلنىڭ بەختى ــ ئەرنىڭ بەختى.
98. ئەلگە قوشۇلغان ماي يۇتار،
ئەلدىن ئايرىلغان قان يۇتار .
99. ئەل قويىنىغا ئالەم سىغار .
100. ئەل قوغدىغان ياخشى ئەر .
101. ئەل قېرىماس، تاش چىرىماس.
102. ئەلدىن ئايرىلغاننىڭ ئەلگىكى تۆشۈك.
103. ئەل قارغىشى ــ ئوق.
104. ئەلدىن قاچقان سەلگە ئۇچرار.
105. ئەلگە جاپا قىلغان ــ ياۋغا ۋاپا قىلار.
106. ئەل ئىگىسىز بولماس، چاپان ياقىسىز بولماس.
107. ئەل ئۇمىدىنى ئەر ئاقلار ،
ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار.
108. ئەلدە ئابرۇيۇڭ بولسا ،
يۈكۈڭ چۆلدە قالماس.
109. ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەل ياراتقان ئەر كېلەر.
110. ئەل غېمىدە بول، بەختلىك بولىسەن،
ئەل ئارىسىغا چۆك، تەختلىك بولىسەن.
111. ئەل ئىشىغا ھىممەتلىك،
ئەل ئاغزىدا قىممەتلىك.
112. ئەل ئىشىغا ئېرىنمە،
مىننەت قىلىپ كېرىلمە.
113. ئەل ئۇچۇن چەكسەڭ جاپا،
ئەل سېنى قىلماس خاپا.
114. ئەل كۆچسىمۇ، يەر كۆچمەس.
115. ئەل كۆڭلىنى ئۇۋۇلىغانلار مەقسەتكە يېتەر،
ئەل كۆڭلىنى ئاغرىتقانلار ھەسرەتكە چۆكەر.
116. ئەل مەشئەل كۆتۈرسە،
شەپەرەڭ داد كۆتۈرەر.
117. ئەلگە قاراپ تاش ئاتما،
ھەر تەرەپكە باش ئاتما.
118. ئەل بىلەن بىللە بول،
باشقا كەلگەننى بىللە كۆر.
119. ئەل ئەيىبىنى سۇ ئاچار،
ئەر ئەيىبىنى سۆز ئاچار.
120. ئەل ياۋسىز بولماس،
پولۇ مايسىز.
121. ئەلدىن تانغانلىق،
ئەقلىدىن ئازغانلىق.
122. ئەل ئىشىغا ھىممەتلىك،
ئەل ئاغزىدا قىممەتلىك.
123. ئەل ئۇچۇن چەكسەڭ جاپا،
ئەل سېنى قىلماس خاپا.
124. ئەل بىلەن بىللە بول،

باشقا كەلگەننى بىللە كۆر.
125. ئەلنىڭ كۆزى تارازا.
117. ئەلنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تىكلىگەن جوۋا تار كەلمەس.
126. ئەلنىڭ نومۇسى ئەرنىڭ نومۇسى.
127. ئەلنىڭ ھىممىتى دەريا.
ئەلنىڭ ئىچىگە ئالەم سىغار.
128. ئەل ئۆرۈلسە تاغ چۆرگۈلەر.
129. ئەل ئىگىسىز بولماس،
چاپان ياقىسىز.
130. ئەل يىغلىسا لەشكەر بولۇر.
131. ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەل باغرىدا قىيامەت.
132. ئېلىنى ساتقان،
ئىت يالىقىدا ئاش ئىچەر.
133. ئېرىقى قۇرۇسا،
134. بېلىقى ساق قالماس.
135. ئېلىنى ساتقاننىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇر.
136. ئېرىك بىلەن چىقىشقۇچە،
ئېلىك بىلەن چىقىش.
137. ئېلى ئامان ئاچ قالماس.
138. ئېسىڭنىڭ باريدا ئەلنى تونۇ،
كۈچۈڭنىڭ باريدا يەرنى تونۇ.
139. ئېلىدىن بەزگەن ئەر ئوڭماس.
140. ئېگىز تاغنى يەر كۆتۈرەر،
يۇرت نامىنى ئەر كۆتۈرەر.
141. ئىت تويغان جايىدا تۇرار،
قۇش قونغان جايىدا تۇرار.
142. ئىچكەن سۈيىڭنى ئاچچىق دېمە،
ياتقان يېرىڭنى قاتتىق دېمە.
143. ئىناق ئەلدە رەھىم كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە تالاش كۆپ.
144. ئىت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك.
145. ئىتمۇ ئۆز كوچىسىدا ئۆزىنى شىر چاغلار.

146. ئىت ئۆۋىسىدا كۈچلۈك.
147. ئورنىدا بولسا ئوت ئۆنەر.
148. ئۆلاغ تارتقان يېرىگە تارتار،
يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە تارتار.
149. ئۆلۈمنى ئويلىما، ئېلىڭنى ئويلا.
150. ئۆيسىز ئەر — گىياھسىز يەر.
151. ئۆي تاپقۇچە، يۇرت تاپ.
152. ئۆز يۇرتۇڭدا بولسا لايىقىڭ،
ئۆزگە يۇرتقا بارماس ئايىقىڭ.
153. ئۆز ئېلىڭنىڭ غېمىنى يە،
ھالال ئىشلەپ نېنىنى يە.
154. ئۆز يۇرتۇڭ قەيەردە بولسا،
جەننىتىڭ شۇ يەردە.
155. ئۆيدىن ئاغرىنىپ يۇرتنى تاشلاپتۇ،
سەرگەردان بولۇپ كۆزنى ياشلاپتۇ.
156. ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈل، يۇرتۇڭ ئۈچۈن ئۆل.
157. ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى،
پوت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى.
158. ئۆزىنى ئويلىغان يادار،
ئەلنى ئويلىغان ياشار.
159. ئۆز يۇرتۇڭنىڭ سۈيى ياخشى،
ئاتلاي دېسەڭ كۆيى ياخشى.
160. ئۆيۈڭدىن ئايرىلساڭمۇ،
ئېلىڭدىن ئايرىلما.
161. ئۆز يۇرتۇڭدا ۋاپا كۆرسەن،
ياقا يۇرتتا جاپا كۆرسەن.
162. ئۆز يۇرت - تۇغقان ئانا،
ياقا يۇرت - ئۆگەي ئانا.
163. ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەن بارمۇ،
كېتىپ مۇرادىغا يەتكەن بارمۇ.
164. ئۆگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ،
يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان يەپتۇ.
165. ئۆز يۇرتۇڭدا خارلانغۇچە،
كىشى يۇرتىدا مۇساپىر بول.
166. بىرلىك بولماي، تىرىكلىك بولماس.

167. باغ مېۋىسى بىلەن ئاۋات،
يۇرت ئادىمى بىلەن ئاۋات.
168. بەختىڭنى ئېلىڭدىن سورا.
169. بېلىڭنى سۇندۇرغان،
ئېلىڭنى سۇندۇرماس.
170. بېشىڭ كۆككە تاقاشسا ،
خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل .
171. بىر ئەلگە باق ،
بىر يەرگە باق.
172. بۇلبۇل باھارنى سۆيەر،
ئادەم يۇرتنى سۆيەر.
173. بېلىق سۇدىن ئايرىلماس،
باتۇر ئەلدىن ئايرىلماس.
174. بىلمىگەن يەرنىڭ تۆرىدىن ،
بىلگەن يەرنىڭ پەگاھى ياخشى.
175. بېشى يوقنىڭ ئىشى يوق،
يۇرتى يوقنىڭ جېنى يوق.
176. بۇلبۇل باغدىن ئايرىلماس،
ئادەم يۇرتىدىن ئايرىلماس.
177. غېمىڭ ئەلدە بولسا ئۆمرۈڭ ئۇزار،
غېمىڭ ئۆزۈڭدە بولسا بەختىڭ توزار.
178. بىرپاتمان ئالتۇنۇڭ بولغۇچە،
بىر تاپان يېرىڭ بولسۇن.
179. پەرۋانىگە ئوت ياخشى،
پالۋانغا يۇرت ياخشى.
180. پۇقرايىڭنى خار قىلما،
كۆڭلۈڭنى تار قىلما.
181. پۇتۇڭنىڭ ئۇچىغا قارىماي،
يۇرتۇڭنىڭ ئىچىگە قارا.
182. پادشاھ ئادىل بولسا،
پۇقرا مايىل بولار.
183. پادشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ.
184. پادشاھلىق ئەل بىلەن،
تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.
185. نادان ئەلدە موللا تولا.
186. نان بىر يۇزىدە پىشماس،
جاھان بىر ئىزىدا تۇرماس.
187. تاغۇ ـ تاشنى سۇ بۇزار،
ئەل ئارىسىنى سۆز بۇزار.
188. مېلى يوق دەپ ئەردىن قاچما،
چۆپى يوق دەپ يەردىن قاچما.
189. تاغدىن يىقىلساڭ يىقىل،
ئەل نەزىرىدىن يىقىلما.
190. تاغ تاغقا قوشۇلماس،
ئەل ئەلگە قوشۇلار.
191. تەر ئاقتۇرساڭ ئەلگە،
يۈركىنىسەن گۈلگە .
192. تۇپنى ئۆرلەتكەن يەل،
باتۇرنى ئۆستۇرگەن ئەل.
193. تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى ئالتۇن، سۇيى گۆھەر.
194. تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە.
195. تاغ كۆركى — تاش،
ئەل كۆركى — ياش.
196. تۇغۇلغان يەردىن تۇرغان يەر ئەلا،
تۇرغان يەردىن تۇغۇلغان يەر ئەلا.
197. تۇغۇلغان يەرنىڭ كۇنىمۇ ئىسسىق، تۇنىمۇ ئىسسىق.
198. تۆمۈرۈڭدا ۋەتەننىڭ قېنى،
دىمىغىڭدا ۋەتەننىڭ ھىدى.
199. تۇپىنى تونۇمىغان ئات بولماس،
ئەلنى تونۇمىغان ئەر بولماس.
200. تورغايمۇ يانتاقلىقنى ماختار.
201. تۆرەلگەن يۇرتتىن كۆڭۈل ئۈزۈلمەس،
يۇرت كۆرگەننىڭ يۇرتى بۇزۇلماس.
202. توپ توپقا يىقىلار،
يالغۇز ئازگالغا يىقىلار.
203. توپ بولدۇق — توق بولدۇق.
204. توپقا قاراپ تاش ئاتما.
205. تەۋرەپ كەتكەن ئەلدىن قورق،

يامراپ كەلگەن سەلدىن قورق.
206. توڭگۇز قوي بولماس،
دۈشمەن ئۆز بولماس.
207. ساداقەتمەن بول ئېلىڭگە،
ھەمدەم بولۇر غېمىڭگە.
208. سەل سۈپۈرسە ساي قالار،
ئەل سۈپۈرسە نېمە قالار.
209. سەركەردە ئەل ئىچىدە تونۇلار.
210. سەن ئەقلىڭگە باي بولساڭ،
يۇرتۇڭ نامغا باي بولۇر.
211. سۇ بولمىسا ئاشلىق يوق،
ئەل بولمىسا باشلىق يوق.
212. سۈت قايمىقى بىلەن،
ئەل ئايمىقى بىلەن.
213. سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق،
ۋەتەنسىزنىڭ يۈزى يوق
شاھلىقتىن يېقىلساڭ ناۋاي بول.
214. جايى يوقنىڭ جېنى يوق.
215. جاندىن كەچسەڭ كەچ،
يۇرتۇڭدىن كەچمە.
216. چەتكە چىقساڭ چەتنەپ قالىسەن .
217. خانسىز ئەل ــ ئىگىسىز ئۆي.
218. خان قوزۇق، پۇقرا ئوزۇق.
219. خەلق پۈۋ دېسە، بوران چىقىدۇ.
220. خەلق ياندۇرغان چىراغنى پۈۋلىگەننىڭ ساقىلى كۆيەر.
221. دەرەخ يىلتىزى بىلەن ياشار،
ئادەم ئۆز ئېلى بىلەن ياشار.
222. دەرەخ قانچە ئېگىز بولغىنى بىلەن،
تۇپراقتىن ئايرىلماس.
223. دېھقاننىڭ ئوبدىنى چامغۇر تېرىيدۇ،
ئادەمنىڭ ياخشىسى يۇرتىدا قېرىيدۇ.
224. دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.
225. دىتسىز مىنگىلى ئۇلاغ تاپالماس،
ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن روناق تاپماس.
226. دۈشمەننىڭ قارغىشىدىن قورقما،
ئەلنىڭ رەنجىشىدىن قورق.
227. زىمىن چىرىماس، ئەل قېرىماس.
228. زالىم بولسا يۇرت بېشى،
تۈگىمەس ئالۋان ئىشى.
229. غېرىچسىز غولاچ كەرمە،
ماكانسىز كۆكرەك كەرمە.
230. كىشىنىڭ يۇرتىغا كىشى كېلىدۇ،
ئارىغا ئالمىسا كىم كېلىدۇ.
231. كىشىنىڭ يۇرتىدا باغ قىلما،
يۈرىكىڭنى داغ قىلما.
232. كىشى يۇرتىدا بەگ بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا سەگ بول.
233. كەلكۈندىن قورقمىساڭمۇ،
ئەلدىن قورق.
234. كۆنمىگەن يۇرت زىندانچە بار،
مىنمىگەن ئات يولۋاسچە بار.
235. كۆيۈشلۈك ئەرنى ئەل خارلىماس.
236. كۆلدە يۈرگەن ئۆردەك چۆل قەدرىنى بىلمەس.
237. كۆزسىز ياشىساڭمۇ، ئەلسىز ياشىما.
238. كۆپنىڭ غېمىنى يېگەننىڭ نېنى پۈتۈن.
239. كۆككۈنەك ئۆز دەرياسىدا غاز ئالار،
باشقا يەردە بېشى، كۆزى تاز بولار.
240. كۆچۈڭنى يەرگە ئىشلەت،
بىلىمىڭنى ئەلگە ئىشلەت.
241. كىشى تۇغۇلغان يېرىدە ئەزىز،
تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز.
242. كىشى يۇرتىدا ئامبال بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئابدال بول.
243. كىشىنىڭ ئوردىسىدىن ئۆزۈمنىڭ تۈپىسى ياخشى.
244. كىشىنىڭ يۇرتىدا باش بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا تاش بول.

245. كىشى يۇرتىدا پاختىدا ياتقۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا تاختىدا يات.
246. كىشىنىڭ قولىدا كىشى ئۆسمەس،
كىشىنىڭ يۇرتىدا كۆڭۈل ئۆسمەس.
247. كىشىنىڭ يۇرتىغا كىشى كېلىدۇ،
ئارىغا ئالمىسا كىم كېلىدۇ.
248. گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار،
يۇرت دېگەننىڭ قورغۇچىسى بار.
249. ھۆپۈككىمۇ ئۆز ماكانى ئەزىز.
250. ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
يۇرتنى سۆيگەن كىشى خار بولماس.
251. ياتقا بەرسەڭ ئېشىڭنى،
ئىت يالايدۇ بېشىڭنى.
252. يەر ئالتۇن قوزۇق.
253. يولدىن ئازسىمۇ يۇرتتىن ئازماپتۇ.
254. يولدىن چىقساڭ چىق، ئەلدىن چىقما.
255. يۇرتىغا پاتمىغان، جاھانغا پاتماس.
256. يۇرتتىن ئايرىلساڭ، يۇرت قەدرىنى بىلىسەن.
257. يۇرتتىن كەچكەن نومۇستىن ئۆلەر.
258. يۇرت تويىمغۇچە، ئەل تويماس.
259. يۇرتنى يۇدۇپ بولماس.
260. يۇرت كۆرگەندە يۇرتۇڭنى ئەسلە،
ئەل كۆرگەندە ئېلىڭنى ئەسلە.
261. يۇرتتا تەڭسىزلىك بولسا،
كۆڭۈل ئەنسىزلىكتە قالۇر.
262. يۇرتىدىن بەزگەن دۈشمەن قولىدا ئۆلەر.
263. يۇرتۇڭ ئاۋات بولسا،
تۇرمۇشۇڭ ناۋات بولۇر.
264. يۇرت بولسا، ئالۋان بولمىسا،
تىنىچ بولسا، مالىمان بولمىسا.
265. يۇرتىدىن بەزگەن يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەك.
266. يۇرتۇڭدا نېمە بارلىقىنى باشقا يۇرتتىن سورا.
267. يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.
268. يۇرت سۆيگەن ئەر، سايىسى بار دەرەخ.
269. يۇرتى يوقتا قەبرە تېپىلماس.
270. يۇرت سۈيى مۇردىغا جان كىرگۈزەر.
271. يۇرتۇڭ ۋەيران — ئۆزۈڭ ۋەيران.
272. يۇرت كۆرگەن يۇرت قەدرىنى بىلىدۇ.
273. يۇرت ئامان، مەنمۇ ئامان،
ئەل بولمىسا رەڭگىم سامان.
274. يۇرتى باينىڭ ئۆزى باي.
275. يۇرت ئېتىكى كەڭ.
276. يېرىدىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار،
يۇرتىدىن ئايرىلغان يەتمىش يىل.
277. يېرى بارنىڭ ئېتى بار.
278. يېرى بارنى يەر باقار،
يەر باقمىسا ئەل باقار.
279. يېتىمنىڭ ئىگىسى ئەل - يۇرت.
280. يەر بايلىقى بولمىسا،
ئەل بايلىقى بولماس.
281. ياقا يۇرتنىڭ پەرشتىسىدىن،
ئۆز يۇرتنىڭ جىنى ياخشى.
282. يالغۇزچىلىق كىشى يۇرتىدا بىلىنەر.
283. يارىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،
ئەركىڭنى ئەل ئارىسىدىن ئىزدە.
284. ياقا يۇرتتا ياقاڭ يىرتىلار.
285. يات يۇرتتا تورغاي سايرىماس.
286. ياخشى كىشىنىڭ قەدرى ئۆلگەندە بىلىنەر،
ياخشى يۇرتنىڭ قەدرى كۆچكەندە بىلىنەر.
287. ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى كۆن بولۇر، قەدىيش بولماس؛
ياخشى ئەلنىڭ بالىسى خاراب بولۇر، قۇل بولماس.
288. ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق،
يامان ئەر مالغا ئورتاق.

289. يولۋاس ئىنىدا كۈچلۈك.
290. ياقا يۇرتتا تورغايمۇ سايرىماس.
291. يۇرت دېگەن چىمەن،
ئاتا باققان تىمەن.
292. يۇرتنى سۆيگەن ئەر،
مول ھوسۇللۇق يەر.
293. يۇرتقا كەلسە بالايىئاپات،
ھەممىگە كېلەر قازا ـ تالاپەت.
294. يۇرتقا كۆيسەڭ، يۇرت بۇزۇلماس.
295. يۇرتقا كەلگەن يۈز ئەرزان،
ئالدىغا كەلگەن توز ئەرزان.
296. يول ياسىغاننى ئەر ياسار.
297. يۇرت نامراتلاشسا، ئوغرى كۆپىيەر.
298. يۇرت سۆيگەن ماكانسىز قالماس.
299. يۇرتنىڭ قائىدىسىگە پادىشاھمۇ بويسۇ ـ
نار.
300. ياقا يۇرتلۇق يالغۇز يىغلاپتۇ.
301. يۇرت ئېتىكى كۆزۈڭدىن چوڭ.
302. يۇرتنى يۇرت يەيدۇ،
ياغاچنى قۇرت يەيدۇ.
303. يۇرتۇڭ تىنچ، مېلىڭ تىنچ.
304. يۇرتۇڭنى ئاۋات قىل،
بەختىڭنى ناۋات قىل.
305. يۇرت سۆيگەن ئەر، سايىسى بار دەرەخ.
306. يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.
307. ۋەتەنسىزنىڭ گۆرى تار .
308. ۋەتەنگە خىيانەت ـــ كەچۈرگىسىز جىنايەت.
309. ۋەتەن گاداسى ـــ كېپەن گاداسى.
310. ۋەتەنسىز كىشى ـــ ئاۋازسىز بۇلبۇل.
311. ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈگەن نومۇستىن ئۆلەر.
312. قولۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما.
313. قاچقان سالپىيىپ كېلۇر،
كەتكەن خار بولۇپ كېلۇر.
314. قۇش ئۇۋىسىنى قەدىرلەر.
315. قۇش ئۇۋىسىنى ئۇنتالماس،
ئادەم ۋەتىنىنى ئۇنتالماس.
316. قۇش قېرىسا، ئۆز يۇرتىغا يانار.
317. قۇش ئاسماندا ئۇچسىمۇ ،
سايىسى يەرگە چۈشەر.
318. قىرسىز ئېتىز يەر بولماس ،
ئەل سۆيمىگەن ئەر بولماس.

(توپلاپ رەتلىگۈچى : شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

# چۆچەكلەر

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: مۇھەممەدجان تىلىۋالدى، ئالىجان ئادىل

## پالچى مومايىنىڭ باراستى

ئۆتكەن زاماندا ئىلچى شەھىرىدە قۇتلۇق ئىسىملىك بىر ئۆلىما ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مەردان ئىسىملىك يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. مەردان ئەقىللىق، چىقىشقاق يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ. لېكىن دادىسىنىڭ: «كۆپرەك ئىلىم ئۆگەنسەڭ بولاتتى» دېگەنلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلماي كەتمەيدىكەن ۋە: «مەن كۆپرەك يۇرت كېزىپ شەھەر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دەيدىكەن. ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتۈپتۇ. دادىسى ئۇنىڭ يۇرت كېزىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. مەردان سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا دادىسى ئۆز ئۇرۇق-ئەجدادىنىڭ نەسەبنامىسى پۈتۈلگەن بىر بويتۇمارنى ئوغلىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغاچ: «بۇنى ھەرگىز يوقىتىپ قويمىغىن!» دەپ تاپىلاپتۇ.

مەردان بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر بازارغا كەپتۇ. ئۇ يەردە ئۆزى دېمەتلىك بىر سەپەرداش يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، يىگىت ئۇنىڭغا ھەمراھ بوپتۇ. ئىككىيلەن بىر قانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئۇچىنچى بىر يىگىت ئۇلارغا يولداش بوپتۇ. بۇ ئۈچ يىگىت يول ئۈستىدە ئۆز ئارا بىر - بىرىگە خىيانەت قىلماسلىق، ئۆمۈر بويى سادىق بۇرادەر بولۇشقا قەسەم قىلىشىپتۇ. ئۇچىنچى كۈنى مەرداننىڭ بويتۇمارى يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ھەمراھلىرىغا ئوچۇق دېيىشكىمۇ ئامال بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ئىچىدە بىلىپ يولىنى داۋام قىپتۇ. ئۇلار بىر شەھەرگە كېلىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئەتىسى ئۇلار بىللە شەھەر ئارىلاپتۇ. بىر كوچىغا كەلگەندە مەرداننىڭ كۆزى بىر پالچى مومايغا چۈشۈپتۇ ۋە شۇ ھامان خىيالىغا «تۇمار توغرىسىدا بىر پال ئاچقۇزۇپ كۆرمەيمۇ» دېگەن ئوي كېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇرادەرلىرىنى سارايغا بېرىپ تۇرۇڭلار دەپ قويۇپ، پالچى مومايىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. پالچى موماي ئەسلىدە بىر دەردمەن بولۇپ، پال ئېچىش ئارقىلىق دەردلىرىنى ئۇنتۇشنى، دەردمەنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ مەردانغا ئىچى ئاغرىپتۇ - دە ئۇنىڭغا: «ئەتە بۇرادەرلىرىڭنىمۇ بۇ يەرگە باشلاپ كەلگىن. ئۇلارغا مېنى ھامماڭ دەپ تونۇشتۇرغىن. قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن» دەپتۇ. مەردان سارايغا كەلسە، بۇرادەرلىرى قەيەرگە بارغانلىقىنى سوراپتۇ. مەردان بولسا تەمتىرىمەيلا: «بۇ شەھەردە بىر ھاممام بار ئىدى. كۈتمىگەندە ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئەتە سىلەرنىمۇ ئېلىپ باراي. ئوبدان مېھمان بولايلى!» دەپتۇ. ھەمراھلىرى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇشۇپتۇ. پالچى موماي ئۆز ئۆيىدە غىزا - تائام، مېۋە - چېۋە تەييارلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مەردان ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى كەپتۇ. ئۇلار بەھۇزۇر يەپتۇ، ئىچىپتۇ، كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ، پاراڭلار باشلىنىپتۇ. موماي:

— مەن ھېكايە - چۆچەك ئاڭلاشقا بەك خۇشتار، قېنى قايسىڭلارنىڭ بىرەر قىززىق ھېكايەڭلار بار؟ —

دەپ سوراپتۇ. ئۇچەيلەن تەڭلا:

— بىز ھېكايە سۆزلەشنى بىلمەيدىكەنمىز. ئۆزلىرى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا، بىز ئاڭلىساق بوپتىكەن، — دېيىشىپتۇ. موماي ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى بۇرۇنلا پەملەپ بولغانىكەن.

— بوپتۇ. مەن سىلەرگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ئوخلاپ قالماي ئوبدان ئاڭلارسىلەر، — موماي شۇنداق دەپ ئۆز ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار بۇرۇن بىر مۇساپىر يىگىت يەكەنگە كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر دوستى بار ئىكەن، ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. ئىككىيلەن ئۆمۈرلۈك دوست بولۇپ ئۆتۈشكە قەسەم قىلىشىپتۇ. بىر كۈنى ئىككىسى كوچىدا كېتىۋاتسا ئالدىدىن بىر گۈزەل قىز ئۆتۈپ قاپتۇ، مۇساپىر يىگىت شۇ ھامان قىزغا ئاشىق - بىقارار بوپتۇ. لېكىن قىزنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ، ئۇ ھەر كۈنى ئىزدەپتۇيۇ، بىراق دېرىكىنى ئالالماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇساپىر يىگىت يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ دوستىغا: «شۇ قىزنى قاچان ئۇچراتساڭ ماڭا خەۋەر بەرگىن، مەن كېلىپ ئەمرىمگە ئالىمەن» دەپ تاپىلاپتۇ. دوستى ماقۇل بوپتۇ. بىر يىل ئۆتۈپتۇ، قىزنىڭ ئىز - دېرىكى بولماپتۇ. دوستى ئۈمىد ئۈزۈپ، ئىزدەشتىن يالتىيىپتۇ. شۇ ئارىدا يەكەنلىك يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويماقچى بولۇپ لايىق ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قىزنى ئوغلىغا لايىق كۆرۈپ، چوڭ ھەشەم بىلەن توي ئۆتكۈزۈپتۇ. كېلىن يۆتكەپ كېلىنىپتۇ. يىگىت قىزنىڭ چۈمپەردىسىنى ئاچقانىكەن، بۇ قىز كوچىدا ئۇچرىغان ھېلىقى قىز بولۇپ چىقىپتۇ. يىگىت بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ نېمە قىلارنى بىلمەي قاپتۇ. قىزمۇ يىگىتنى تونۇپ ھەيران بوپتۇ. يىگىت مۇساپىر دوستىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن: «راستىمنى دېسەم شۇ چاغدا مەنمۇ سىزگە كۆيۈپ قالغانىدىم. بىراق دوستۇم ئىشقىڭىزدا بەك ئەلەم چېكىپ كەتتى. بىز ئۆمۈرلۈك دوستلار. مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەنىدىم. ئەمدى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەدەمگە ۋاپا قىلماي، دوستۇمغا خىيانەت قىلسام بولمايدۇ. مەن سىزنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن دوستۇمنىڭ يۇرتىغا يولغا سېلىپ قوياي، شۇ يىگىتكە تېگىڭ، بولامدۇ؟» دەپتۇ. قىز بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ: «سىز بۇنداق دېگەندىكىن، شۇنداق قىلاي» دەپتۇ. مەرد يىگىت تۆت ئات قوشقان پەيتۇندىن بىرنى هازىرلاپ، ئىشەنچلىك بۇرادەرلىرىنى قوشۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك تەييارلىق قىلىپ قىزنى يولغاساپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ يىگىتنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە قولىدىكى ئادرېس بويىچە يىگىتنىڭ ئۆيىنى ئوڭايلا تېپىپتۇ. بۇ يىگىت يەكەندىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ئىشق دەردىدىن ئەلەم چېكىپ ئاغرىغا غىزا تېتىماي ئاھ چېكىپ يۈرگەنىكەن. ئويلىمىغان يەردە ئاشىقى كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىدىن بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈپتۇ. ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن مېھمان قىپتۇ. يىگىت قىزدىن سوراپتۇ: «شۇ چاغدا بىز سىزنى شۇنچە ئىزلەپمۇ تاپالمىغانىدۇق. ئەمدى ئۆزىڭىز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدىڭىز، مېنىڭ بەكمۇ بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، بۇ زادى قانداق ئىش؟»

— سىزگە دەپ بېرەي، — دەپتۇ قىز، — ئاتا - ئانام مېنى بىر يىگىتكە بەرگەنىدى، توي ئاخشىمى ئۇ يىگىت مېنى كۆرۈپلا تونۇپ قالدى. ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىز ئىكەن، مېنى تېپىپ بېرىمەن دەپ سىزگە ۋەدە بېرىپتىكەن، دوستىنىڭ نېسىۋىسىگە خىيانەت قىلغۇسى كەلمىدى، ماڭا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالماي، سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئەۋەتتى، بولغان ئەھۋال شۇ. ئەمدى خالىسىڭىز مەن سىزنىڭ رايىڭىز بويىچە ئىش قىلىشقا تەييار.

مۇساپىر يىگىت يەكەنلىك دوستىنىڭ ۋاپادارلىقىدىن تەسىرلىنىپ ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ.

ئاغىنىسىگە نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرسە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بوپتۇ. كۆپ ئويلاپ، ئاخىر «ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ـ ئاقىلنىڭ ئىشى» دېگەن ھېكمەتنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قىزغا مۇنداق دەپتۇ: «دوستۇمغا مىڭ رەھمەت. ئۇنىڭ ھىممىتىنى قوبۇل قىلدىم. سىز دوستۇم بىلەن توي قىلىپسىز. نىكاھىڭلارمۇ ئوقۇلۇپتۇ. مەن سىلەرگە بەخت تىلەيمەن، مېنى ئەپۇ قىلىڭ. مەن سىزنى ئۇنىڭ يېنىغا يولغا سېلىپ قوياي، سىلەر خاتىرجەم ئۆيۈڭلارنى تۇتۇڭلار، بولامدۇ؟

قىز بۇ گەپكە ماقۇل بوپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار يەكەن شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر چۆلگە كەلگەندە بىر توپ قاراقچى ئۇلارنى توسۇپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى قىزنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا زورلاپتۇ. قىز بولسا قورقماس، زېرەك، سەمىمىي ئىكەن. ئۇ بۇ پالاكەت ئالدىدا تەمتىرىمەي، مەزمۇت تۇرۇپ، قاراقچىلارغا بولغان ئەھۋالنى ئەينەن ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. بىرگە ماڭغانلار ئۇنىڭ سۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىشىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى يۇرت ئېچىدىكى بەزى ناھەقچىلىك دەستىدىن قاراقچى بولۇپ قالغانىكەن، بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ ـ دە:

— مەن خاتا قىپتىمەن. سىلەر ئۆز يولۇڭلارغا كېتىۋېرىڭلار، مەنمۇ ئۆز يولۇمغا ماڭاي، — دېگىنىچە ئادەملىرىنى باشلاپ كەلگەن يېرىگە راۋان بولۇشۇپتۇ. قىز ۋە ئۇلار ھەمراھلىرى ساق ـ سالامەت يەكەنگە يېتىپ كەپتۇ، قىز ئېرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بولغان ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىشىپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

موماي ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، ئولتۇرغانلارغا قاراپ:

— سىلەرچە بۇ ئىككى ئاغىنە قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بىرىنچى ھەمراھ يىگىت: «دۇنيادا ھەر قانداق دەرد كۆيۈك ئوتىغا يەتمەيدۇ. مۇساپىر يىگىت ھەقىقەتەن ۋىجدانى بار يىگىتكەن، ـ دەپتۇ. مەردان بولسا: يەكەنلىك يىگىتنىڭ ۋاپادارلىقى ئادەمنى قايىل قىلىدىكەن. تويى بولغان، نىكاھ ئوقۇلغان، قىز ئۇنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەن تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ دوستىغا ۋاپاسىزلىق قىلغۇسى كەلمىدى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. ئاخىرقى ھەمراھ يىگىت قايىل بولماي: — ياق، ھەممىدىن قاراقچىلار باشلىقى ۋىجدانلىق ئىكەن. ئۇ نېمە قىلمەن دېسە قىلالايتتى، — دەپتۇ. موماي ھېكايىسىنى توختىتىپ، ئۇلارنى باغنى سەيلە قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ ۋە شۇ ئارىدا ئاخىرقى سۆز قىلغان يىگىتنى يالغۇز بىر چەتكە تارتىپ دەپتۇ:

— بۇ دۇنيادا ئوغرى ئوغرىنى ئاقلايدۇ. قاراقچىمۇ قاراقچىنى ياقلايدۇ. مەن پال ئېچىپ كۆردۈم. سەندە بىر ئامانەت بار ئىكەن. ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇۋەت. مەن سېنى پاش قىلىپ قويمايمەن. سىلەر داۋاملىق قىيامەتلىك دوست بولۇۋېرىسىلەر، بولامدۇ؟ سەن ھېلىقى بويتۇمارنى ماڭا بەرگىن! — دەپتۇ. بۇ يىگىت راستىنلا بويتۇمارنى ئوغرىلاپ ئالغان، يېنىدا ساقلاپ كەلگەنىكەن. مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىلاجسىز بويتۇمارنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. ئاندىن دوستلىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن غىزادىن كېيىن ئۇلار سارايغا قايتماقچى بولۇشۇپتۇ. موماي ھېلىقى بويتۇمارنى چىقىرىپ:

— مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭلار ئۈچۈن بەك خۇش بولدۇم. سىلەرگە رەھمەت! مېنىڭ سىلەرگە تۇتقۇدەك چوڭراق سوۋغام بولمىسىمۇ كىچىككىنە بىر سوۋغام بار. ئۇنى سىلەرگە تۇتاي، مەردان بالام، ئۇنى سەن ئوبدان ساقلىغىن. ئۆيگە بارغاندا داداڭغا كۆرسىتەرسەن. سىلەر ئۆز ئارا ھەمدەم بولۇپ، بىر ـ بىرىڭلارغا خىيانەت قىلماي، ۋاپادار دوست بولۇپ ئۆتۈڭلار! سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن! دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئوغرى كۆڭلىدە قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ، قالغانلار بىر ـ بىرىگە سادىق ئاغىنە بولۇپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

(سۆزلەپ بەرگۈچى: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزىۋات شۆبىسىدىن راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى)

# ۋاپادارلار

ئۆتكەن زاماندا، يايلاقلىرى كەڭ، ئوت ـ چۆپلىرى مول، چارۋىلىرى غول، تۇپرىقى گۆھەر، سۈيى زەمزەم، باغلىرى هاۋالىق، مېۋىسى داۋالىق، خەلقى ئىشچان «بوستانقوم» دېگەن بىر يۇرت بولغانىكەن. بۇ يۇرتتا سادىق ئىسىملىك بىر باي بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ قاپلاندەك كۈچتۈڭگۈر ئۈچ ئوغلى ۋە ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ مۈلكى، كۆز يەتمەس يايلاقلىرى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سادىق بوۋاينىڭ جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان بىر ئېتى يوقاپ كېتىپتۇ. ئاتنىڭ دەردىدە بوۋاينىڭ كەيگىنى كەيگەن، يىگىنى ـ يىگەن بولماپتۇ. ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ. چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— دادا، رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن بېرىپ ئېتىڭىزنى تېپىپ كېلەي! — دەپتۇ.

سادىق بوۋاي رۇخسەت بېرىپ، ئوغلىنى سەپەرگە يولغا ساپتۇ. ئەسلىدە سادىق باي ياش چېغىدا سېھرىگەرلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۇزاقتىن بېرى ئوغۇللىرىنىڭ ئەقلىنى سىناپ بېقىش كويىدا يۈرگەنىكەن. يوقالغان ئاتنى ئىزدەپ تېپىش بوۋاي ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بوپتۇ. ئۇ، ئوغلىنى يولغا سېلىپلا بۆرىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ ئالتە داۋاندىن ئېشىپ، ئوغلى ئۆتىدىغان بىر ئۆتەڭنى ئالتە تەرەپتىن توسۇپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا ئوغلى يېتىپ كەپتۇ ـ دە، بۆرىلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ، ئەرۋاھى چىقىپ، شۇ ھامان قاچقىنىچە ئۆيگە كېلىپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ يېتىپتۇ. سادىق بوۋاي ئۆيگە كېلىپ، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، گەپ سورىمايلا سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئوتتۇرانچى ئوغلى دادىسىغا «ئاتنى ئىزدەشكە مەن باراي» دەپتۇ. دادىسى ماقۇللۇق بېرىپتۇ ـ دە، ئارقىدىنلا قاپلان سۈرىتىگە كىرىپ، ئوغلىنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپ يېتىپتۇ. بىر مەھەلدىن كېيىن ئوغلى كېلىپ، ئوخشاشلا قورقۇپ تىترەپ، ئۇدۇللا ئۆيگە قاراپ قېچىپتۇ. دادىسى ئۆيگە كېلىپ، ئوغلىنىڭ ھالىدىن كۆڭلى بىر ئاز يېرىم بوپتۇ. بۇ چاغدا كەنجى ئوغلى كېلىپ دادىسىدىن رۇخسەت سوراپتۇ.

— بوپتۇ بارغىن! — دەپتۇ دادىسى ۋە ئۇنىڭغىمۇ چوڭ ئوغۇللىرىغا ئوخشاشلا سەپەر جابدۇقلىرىنى ھازىرلاپ بېرىپتۇ. ئارقىدىن ئۆزى ئالتە يولۋاسنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ بىر تاغنىڭ قاپتىلىنى توسۇپ يېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كەنجى ئوغلى يېتىپ كەپتۇ. ئۇزۇن ساپلىق نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، يولۋاسلارغا قەھرى بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا بۇ يولۋاسلار بىر يۇمىلاپلا دادىسى سادىق بايغا ئۆزگىرىپتۇ. سادىق باي خۇشال بولۇپ ئوغلىغا:

— ئوغلۇم يارايسەن! مانا بۇ ھىممەت كەمىرىنى ساڭا باغلاپ قوياي! ساڭا ئاق يول تىلەيمەن! ئىزدىگىنىڭ ئالدىڭدىن چىقىپ تۇرغاي. قۇلاق سالغىن: قايتىشىڭدا ئالدىڭدا بىر چوڭ مازار ئۇچرايدۇ. كۈندۈزى بېرىپ قالساڭ توختىماي ئۆتكىن. كېچىسى بېرىپ قالساڭ قونماي كەتمىگىن. ساڭا يار بولسۇن! دەپتۇ — دە، ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. كەنجى ئوغۇل بولسا دادىسىنىڭ سۆزىدىن غەيرەتلىنىپ، ئىشەنچكە تولۇپ يولىنى داۋام قىپتۇ. كەنجى باتۇر بىر قانچە يىلنى يول ئۈستىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ ئالدىغا چوڭ بىر مازار ئۇچراپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراشقا باشلاپتۇ. بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەپتۇ. باشقا تىۋىشلەرمۇ ئاڭلانماپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىگە

ئېلىپ، بىرەر ئوچۇق قەبرىگە كىرىپ ئۇخلاپ ئەتىسى يولغا چۈشمەكچى بوپتۇ ـ دە قەبرىلەرنى ئارىلاپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر يېڭى قەبرە كۆرۈنۈپتۇ. يىگىت بىر ئاز مەيۈسلەنگەن ھالدا: «بۇ يەردە مۇڭداشقىدەك بىرەر ئادەم يوقمۇ؟» دەپ توۋلاپتۇ. شۇ چاغدا يېڭى قەبرىدىن: «بۇرادەر، كىمگە سۆزلەۋاتىسەن؟» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. كەنجى باتۇر ھەيران بولۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ بولغىچە، قەبرە ئىچىدىن قاپقارا قاشلىق، بولۇق چاچ، قاڭشالىق، تەمبەل بىر يىگىت چىقىپ كەپتۇ ـ دە «ئەسسالام» دەپتۇ. كەنجى باتۇر بۇ يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن ئۆزىنى يولدىن ئازغان بىر مۇساپىر، دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. قەبرىدىن چىققان يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئارقامدىن ماڭ، مەن رۇخسەت قىلمىغۇچە كۆزۈڭنى ئاچما! گېپىمنى ئېسىڭدە تۇت» دەپتۇ. ئاندىن قەبرە يېنىدىكى بىر تۆشۈكتىن پەسكە چۈشۈپتۇ. يەر ئاستىغا كىرىپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، «كۆزۈڭنى ئاچ!» دەپتۇ. مۇساپىر يىگىت كۆزىنى ئاچسا، ئۆزى ھەشەمەتلىك، كاتتا بىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇدەك. باشلاپ كەلگەن يىگىت بولسا بىر مۇنچە خىزمەتكارلارغا: «تېز بولۇڭلار! مېھمانغا ئەڭ سېمىز بورداق قوچقارنى سويۇڭلار، ياخشى كۈتۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىۋاتقۇدەك. بىردەمدىلا ئۆي ئىچى گويا جەننەتتەك، ھەممە نەرسە تەل بوپتۇ. ئىككى يىگىت بىر داستىخانغا ئولتۇرۇپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بىلەن نازۇ ـ نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىشىپتۇ. غەمسىز ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە داستىخانغا تىزىلغان نازۇ ـ نېمەتلەر تېخىمۇ كۆپ ۋە ئېسىل بوپتۇ. داستىخان ئۈستىدە ساھىپخان يىگىت: «ئىككىمىز ۋاپادار دوست بولساق قانداق؟» دەپتۇ.

ـــ بولساق بولدۇق! ـــ دەپتۇ مۇساپىر يىگىت شۇ ھامان، ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپتۇ. «ئەبەدىلئەبەت بىر ـ بىرىمىزگە يۈز ئۆرىمەيمىز، ئۆز ئارا ۋاپادار بولىمىز» دەپ قەسەم قىلىشىپتۇ. شۇندىن كېيىن مېھمان يىگىت ئۆزىنىڭ بۇ تەرەپلەرگە نېمە ئۈچۈن كېلىپ، قانچىلىك يوللارنى كەزگەنلىكىنى راستى بىلەن سۆزلەپتۇ.

ـــ دوستۇم ئالدىرىمىغىن! ـــ دەپتۇ ساھىپخان يىگىت، ـــ ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى سائىتى بولىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلىدىڭ، بىراق مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى تېخى ئاڭلىمىدىڭ. دوستلار بىر ـ بىرىنىڭ سىرىنى بىلسە ئاندىن دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولالايدۇ. سەنمۇ مېنىڭ ھېكايەمنى ئاڭلاپ باق. بەلكىم ساڭا ياردىمىم تېگىپ قالار. كەنجى باتۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىنى باسالماي دەپتۇ:

ـــ ئۆزۈممۇ ئاخشامدىن بۇيان كۆپ ئىشلاردىن ھەيران، لېكىن سوراشتىن خىجىل بولۇپ تۇرغانىدىم. ئەمدى ياخشى بولدى. دوستۇم، قانغىچە سۆزلىگىن. سېنىڭ ھېكايەڭ تۈگىمەي تۇرۇپ مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن.

ـــ ماقۇل، ـــ دەپتۇ ساھىپخان يىگىت، ـــ ساڭا سۆزلەپ بېرەي. بىزنىڭ ماكانىمىز ئەسلىدە بۇ تاغنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى يۇرتتا ئىدى. دادام ئاتىقى چىققان باي ھەم يۇرت چوڭى ئىدى. كۆپ يىللار تىنچ ئۆتتۇق. بىر يىلى يۇرتىمىزغا ياۋ باستۇرۇپ كەلدى. دادام بىر قانچە قەبىلىلەرنى قوزغىتىپ ياۋغا قارشى ئاتلاندى. مەنمۇ جەڭگە ماڭدىم. ئاستىمدا ئۇچار ئارغىماق، قولۇمدا ئۆتكۈر شەمشەر، سەپ ئالدىدا بوراندەك كېتىپ باراتتىم. دۈشمەنلەر بىزنى كۆرۈپلا قاچتى. بىز قوغلىدۇق. ياۋنىڭ يۇرتىغا ئەمدىلا قەدەم باسقانىدۇق، كۈتمىگەندە ياۋ قوشۇنلىرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا بىزگە ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار ئىچىدىن بېشىغا قار اقالپاق كەيگەن، قارا قاشقىلىق ئاق ئات مىنگەن، قولىغا ئۇزۇن ساپلىق قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە ئالغان قاپقارا ساقاللىق بىر باھادىر چىقىپ كېلىپ توپتوغرا مېنىڭ ئالدىمدىلا توختىدى. ئاندىن ماڭا قاراپ دېدى:

— مەرد بولساڭ مەيدانغا چۈش! يەككىمۇ يەككە ئېلىشىمىز!

بىز دەرھال ئارىنى سەل ئاچتۇق. مەن ئېتىمنى دېۋىتىپلا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا باردىم، ئۇزاق ئېلىشتۇق. بىراق مېنىڭ نەيزەم قىسقا بولغاچقا، رەقىبىمنىڭ نەيزىسى ماڭا سانجىلىپ قۇربان بولدۇم. ئەل - جامائەت مېنى يۇيۇپ سەن كۆرگەن ھېلىقى قەبرىگە قويدى. تېخى ئۈچ كۈنمۇ بولمىغانىدى، سەن كەلدىڭ. ئىككىمىز كۆرۈشۈپلا دوستلىشىپ قالدۇق . . . ئەمدى سەن كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن، مېنىڭ گېپىم تېخى تۈگىمىدى. ئاخىرىنى ئوبدان ئاڭلا، بۇنىڭ ساڭا ياردىمى تېگىپ قالار. مەن شۇ قېتىمقى جەڭگە ئاتلىنىش ۋاقتىدا دادامدىن «ئىككى يۈگرۈك» ئاتنىڭ بىرسىنى بېرىشنى سورىغانىدىم. دادام «كېيىن كېرىكى بولىدۇ» دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئاتنىڭ «ماڭسا ئۇچار قاناتنى ئۆزىگە يەتكۈزمەيدۇ، قوغلىسا ياۋنى ئامان قويمايدۇ. قاچسا ياۋنى ئۆزىگە يېقىنلاتمايدۇ» دېگەن تەرىپى مەشھۇر ئىدى. ھازىر بۇ ئاتلار ئاتخانىدا بار، سەن ئىزدەپ يۈرگەن ئاتمۇ دەل شۇ يەردە. بۇ ئاتلار ئاۋۇپ يىلقا بولدى. سەن ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيگە بار، مانا بۇ شەمشەرنى ئېلىپ، ئىچىڭگە يوشۇرۇپ ساقلا، ھەرگىز بىرەر كىشىگە كۆرسەتمە. چۈنكى ئۇلار بۇنى تونۇيدۇ، ئاندىن بىرەر چارە قىلىپ ھېلىقى ئىككى «يۈگرۈك» نى ئۆلتۈرۈۋەت. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساڭ، بەك قىيىنىۋەتسە راستىڭنى دېسەڭ بولىدۇ. ھەرگىز ھودۇقما، تەمكىن بول، ئەمدى ماڭساڭ بولىدۇ، — يىگىت دوستىنى ئۇزىتىپ، ئۆزى قەبرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. كەنجى باتۇرمۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئاتخانىنى تېپىپ ھېلىقى ئاتلارنى تۇتۇپ قارنىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. ئاندىن قاچاي دەپ تۇرغاندا بىر قانچە كىچىك باللار كۆرۈپ قاپتۇ. بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ ئۇنى باغلاپ باي ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. ئۇرۇپتۇ، تېپىپتۇ. كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئاختۇرۇپتۇ. شۇ چاغدىلا ھېلىقى شەمشەر پاش بولۇپ كىشىلەر ئۇنى تونۇۋاپتۇ. كەنجى باتۇر ئەمدى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ راستىنى سۆزلەپتۇ. بىراق ئۇلار «سېنىڭ گېپىڭگە ئىشەنمەيمىز، راست بولسا سەن ئۇ يىگىتنى بىزگە كۆرسەت! ئاندىن ئىشىنىمىز» دەپ تۇۋلاپتۇ.

— ماقۇل كۆرسىتەي، — دەپتۇ يىگىت، — بىر شەرتىم بار، مەن ئۇنى چاقىرىمەن، كەلگەندە ھېچكىم كۆز يېشى قىلمىسۇن!

جامائەت «بولىدۇ» دېيىشىپتۇ. ئۇلار مازارغا كەپتۇ. كەنجى باتۇر قەبرە ئالدىغا كېلىپ «دوستۇم، تۇققانلىرىڭىز بۇ يەرگە كەلدى. دوستلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەبرىدىن بىر چىقسىڭىز!» دەپ چاقىرىپتۇ. يىگىت قەبرىدىن چىقىپتۇ. دادىسى، ئانىسىغا سالام بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇكىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا قىيناتىسى ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قولىنى تەڭلەپتىكەن، يىگىت چىمچىلاق قولى بىلەن ئۇنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىپ ئۇكىسىنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۇكىسىنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقىپ كېتىپتۇ - دە، ئۇدۇللا ئاكىسىنىڭ پۇتىغا دومىلاپ چۈشۈپ زور كەلكۈنگە ئايلىنىپتۇ. يىگىت غەرق بولۇپتۇ. خالايىق ھەيران بولۇپ كەنجى باتۇرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ. يىگىتنىڭ دادىسىمۇ:

— ئوغلۇم ساڭا ئىشەندىم، سەن ئوغلۇمنىڭ دوستى ئىكەنسەن. ئوغلۇمنىڭ ئورنىدا ماڭا ئوغۇل بول، بارلىق بىساتىمنىڭ يېرىمى سېنىڭ بولسۇن! — دەپ كۆپ يالۋۇرۇپتۇ. بىراق بۇ يىگىت ئۇنىماي: «ماڭا سېنىڭ بىر تال گىياھىڭمۇ كېرەك ئەمەس. دادامنىڭ ئەتىۋارلىق ئېتىنى بەرسەڭ كېتىمەن!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي نائىلاج ئۇنىڭ ئاتلىرىنى قۇلۇنلىرى بىلەن قوشۇپ ئالدىغا سېلىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. يىگىت ئاتلىرىنى ھەيدەپ ئالدى بىلەن دوستىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كەپتۇ. «جېنىم دوستۇم، بىر چىقسىڭىز ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋالايلى!» دەپتىكەن، دوستى چىقماپتۇ. ئۇدا ئۈچ قېتىم تۇۋلاپتۇ،

يىگىت چىقماپتۇ. يەنە بىر نۆۋەت چاقىرغانىكەن. يىگىت رەڭگى تاتارغان، روھى چۈشكەن ھالدا قەبرىدىن چىقىپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ: «سېنىڭ ئۈنۈڭنى ئاڭلاپ چىقاي دەپ تۇرسام، ئۇكامىنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش مېنىڭ بەدىنىمنى چۆكۈرگىلى تۇردى، تىرىشتىم، تىرماشتىم. سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىققاندا، سەن ئىككىنچى نۆۋەت چاقىردىڭ. ئۈچىنچى نۆۋەت چاقىرغاندا مەن سۇ يۈزىگە ئاران چىقتىم. ئۇھ، بەكمۇ ھېرىپ كەتتىم، كېچىكىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇ، ئەپۇ قىلغىن دوستۇم!» ئىككىيلەن ئايرىلىش ئالدىدا قانماي مۇڭدىشىپتۇ. ئاخىرىدا يىگىت دوستىغا مۇنۇلارنى تاپىلاپتۇ: «دوستۇم ئېسىڭدە تۇت، سەن يۇرتۇڭغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي خەلقلەر ئورۇنشقا ئاتلىنىدۇ، تۇققانلىرىڭ سېنى ‹ئارام ئال، بارمىغىن› دېيىشىدۇ. سەن ‹ماقۇل› دەپ قوي. لېكىن ئورۇشقا ئاتلان. ياۋ زېمىنىغا كۆن پېتىشىن بېسىپ كىر. ماڭا نەيزە ئۇرغان ھېلىقى قارا ساقال ساڭا ئات سېلىپ كېلىدۇ. سەن ئۇنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، ‹دوستۇمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم› دەپلا كاللىسىنى كەس. ئېتىنىڭ قارنىنى يار! شۇ چاغدا ھەممەيلەن غەنىيمەت بۆلۈشۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. سەن ئېتىڭنى چېپىپ كۈن چىقىشقا ماڭساڭ بىر مەھەللىگە كېلىسەن، شۇ مەھەللىدە بىر ئۆي ئىچىدە ئىككى قىز، بىر كېلىن، بىر قارچۇغا بار. سەن ئېتىڭنى بوسۇغىغا باغلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەت. ئۆي ئالدىدا بىر توپ تېرەك، بىر توپ سۆگەت بار. ئۇلارنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ ئېلىۋالغىن. لېكىن ھەرگىز ئولجا ئالما. يولدا تۆگىنىڭ ماياقلىرى ئۇچرايدۇ، تېرىپ ئېلىۋال. بىر قارا نار تۆگە ئوتلاپ يۈرىدۇ. ئۇنى ئېلىپ يۈك ـ تاقاڭنى يۈكلىۋال. يۇرتۇڭغا يەتتە كۈنلۈك يول قالغاندا، سۆگەت چىۋىقلىرىنى ئېلىپ تۆگە قومۇلاقلىرى قاچىلانغان قاپنى ئۇرساڭ، ئالدىڭدا ئاتلار كىشنەپ، تۆگىلەر بوزلاپ، قويلار مەرەپ، كالىلار مۆرەپ چىقىشىدۇ. تېرەك شاخلىرىنى كەسلەپ خۇرجۇنغا سېلىۋالساڭ ئۆيۈڭگە بارغاندا ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. كاتتا باي بولۇپ كېتىسەن». كەنجى باتۇر بۇ گەپلەرنى دىلىغا مەھكەم پۈكۈپ، زور ئۈمىد بىلەن يولغا مېڭىپتۇ. دوستىنىڭ دېگەنلىرى راست چىقىپتۇ. ئاتلىرىنى دادىسىغا تاپشۇرۇپتۇ، كېيىن ئورۇشقا بېرىپتۇ. قارا ساقاللىق رەقىبىنى ئۆلتۈرۈپ، دوستىنىڭ ئىنتىقامىنى ئاپتۇ. قاشقا ئېتىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر ئۆيگە كىرسە ئايدەك گۈزەل بىر قىز تۇرغۇدەك، يىگىتنىڭ ئىچى ئاغرىپ، كۆتۈرگەن قىلىچىنى بىر پەس توختىتىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈۋاپتۇ. ئاندىن بىرلا قىلىچ ئۇرۇپ جېنىنى ئاپتۇ. قالغان ئىككى قىز، قارچۇغىنىمۇ جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. غەلىبە خوشاللىقىدا يۇرتىغا قايتىپتۇ. مەھەللىگە ئاز قالغاندا قاتتىق بوران چىقىپ، ئاز بولمىغان ئادەم، ئات، تۆگە، مال ـ دۇنيا، ئولجىلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. كەنجى باتۇرنىڭ ھېچنېمىسى زىيانغا ئۇچرىماپتۇ. ئەسلىدە يولدا ئۇچرىغان نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى سېھىرگەر بولۇپ، مال ـ دۇنياسىنى سالامەت ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دەرەخ، قومۇلاق سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويغانىكەن. ھەممىسى ئەسلىگە قايتىپتۇ. كەنجى باتۇر بۇ بايلىقلارنى كۆرۈپ دوستىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ، ياراق ئاتتىن بىرنى مىنىپتۇ ـ دە، دوستىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. دوستىغا سالام بېرىپتۇ. يىگىت قەبرىدىن چىقىپ، دوستىنى سارايغا باشلاپ مېھمان قىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆز ئۆيىگە قايتماقچى بولغانىكەن. دوستى ئۇنىڭغا: «دوستۇم يارايسەن! دېگەنلىرىمنىڭ بارىنى ئادا قىلدىڭ. مەن سەندىن ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم رازى، ئەمدى يولغا چىقساڭ بولىدۇ. سەن يۇرتۇڭغا بارغاندا ئىككى ھارۋىغا مال باسقان بىر سودىگەر ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئېتى بار، بىرسى جەرەن، بىرسى تورۇق. سەن بۇ ئاتلارنى قانچە دېسە بېرىپ سېتىۋالغىن. ئۆيگە ئاپىرىپ ئۈچ يىلغىچە يوگەن سالما ھەم مىنمە، ئىگەرلىمە، ئاندىن تورۇق ئاتنى ئۆلتۈرۈپ، سۆڭەكلىرىنى، مېڭىسىنى، يىلىكىنى ئاقتۇر. ئەگەر يېغى ئاق بولمىسا ياكى مەڭدەك يېرى قارا بولسا

جەرەن ئاتنى يەنە ئىككى يىل باق. ئاندىن ئۇڭ ئىچىگە باغلاپ، ھەرگىز مىنمە، تالى ئات ئورۇقلاپ قامچىدەك قالمىغۇچە، كۆندە پەقەت بىر چىشلەم ئوت، بىر يۇتۇم سۇلا بەرگىن. بىر مەزگىل ئۆتكەندە سېنىڭ بېشىڭ ئاغرىشقا باشلايدۇ. ساقىيىپ قالسا مەيلى، ساقايمىسا جەرەننى مىنىپ دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا كەل. مېنى ئۇنتۇپ قالمىغىن» دەپتۇ. ئىشلار يەنىلا دوستىنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ. كېيىن كەنجى باتۇرنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىشقا باشلاپتۇ. ئۇ نائىلاج جەرەن ئاتنى مىنىپ دوستىنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. بۇ ئىشلارنى يىگىت كۆڭۈل ئەينىكىدە كۆرۈپ تۇرىدىكەن. ئەسلىدە جەرەن ئات كۆكسى قىزىغانچە بەك چاپىدىكەن. «ئۇنى توختىتالماي قالسا قانداق بولار؟» دېگەن غەم ئىچىدە قالغان يىگىت قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان بىر يىپەك ئارغامچىنى يولغا توغرا تارتىپ قويۇپتۇ. يىگىت مىنگەن جەرەن ئات پۇتلىشىپ مۆدۈرگەندە، كەنجى باتۇر دەل دوستىنىڭ قەبرىسى ئالدىغىلا يىقىلىپتۇ. ئات ئۆدۈل كېتىپ قاپتۇ. يىگىت دوستىنىڭ جاراھىتىنى تېڭىپ ساقايتىپتۇ. بۇ چاغدا ئەزرائىل كېلىپ يىگىتتىن سوراپتۇ: «بۈگۈن ماڭا بىر ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىشقا بۇيرۇق كەلگەنىدى. ئۇ جان بەرمەك تەس كېلىپ بۇ يەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. سەن ئۇنى يوشۇرۇپ قويدۇڭ، ھازىر ئۇنى ماڭا تاپشۇر، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتەي» يىگىت مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۇرۇشتا قۇربان بولغاندا، بىر ئاقساقال مەندىن نېمە تىلىكىڭ بار؟ دەپ سورىدى. مەن: ئۈچ نۆۋەت تىلىكىمنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگىن، دېدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. مەن بۇ يىگىت بىلەن ۋاپادار دوست بولغانىدىم. سەن بېرىپ ئاقساقالغا ئېيتقىن: مەن بۇ دوستۇمنىڭ ھاياتىنى تىلەيمەن. ئەزرائىل بۇ گەپنى ئاقساقالغا دەپتۇ. ئاقساقال بولسا ئەزرائىلغا مۇنداق دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ: بوپتۇ، ئۇنىڭ رايىغا باقايلى. سەن كىشىلەرگە ئېيتقىن: «بۇندىن كېيىن ئەر - خوتۇنلار، ئاتا - بالىلار، ئاكا - ئۇكىلار، ئاچا - سىڭىللار، دوستلار بىر - بىرىگە ساداقەتمەن بولسۇن، ۋاپاغا جاپا قىلمىسۇن، ئۆزئارا مېھرىبان بولسۇن، ئۇرۇش - تالاش قىلىشمىسۇن، تىنچ ئامان ئۆتسۇن، بىرسى بىرسىگە ئورا كولىمىسۇن، شۇنداق قىلغاندىلا بۇ ئىككى دوستتەك ۋاپادار بولغىلى بولىدۇ. ۋاپادارلىق مۇقامىغا يەتكەنلەرگە مەڭگۈلۈك ھايات ئىنئام قىلىمەن. ئەزرائىل بۇ بۇيرۇقنى جاكارلاپتۇ. كىشىلەر ۋاپادارلاردىن ئۆگىنىپ مەڭگۈ ئۆلمەسلىك ئۈچۈن، ئۆز يۇرتلىرىغا مېھرىبانلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىشقا بەل باغلاپتۇ. بۇ ئىككى يىگىت ئەل ئىچىدە مەڭگۈ ھايات قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرۇش - جېدەللەر، ئىناقسىزلىقلار ئازىيىپ، ئەل ئامان، يۇرت تىنچ، باي - باياشات يۇرتقا ئايلىنىپتۇ.

(سۆزلەپ بەرگۈچى: پەيزىۋات ناھىيەسى قىزىلسۇ يېزىسى قىرىق تام كەنتىدىن دېھقان مەمەت جالالىدىن)

# ئۇنۇتقاق بالا

ئۆتكەن زاماندا، «توما بېشى» دېگەن بىر يۇرت بولغانىكەن. يۇرتنىڭ ئايغىدا سەيلىخان ئىسىملىك تول ئايال ياشايدىكەن، ئۇنىڭ تۇرسۇن دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. سەيلىخان ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلىنى «ئەتىۋارلىدىم» دەپ ئەركە ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. تۇرسۇن ئوقۇش بىلەن خۇشى يوق، ئويۇن قېپى بولۇپ قاپتۇ. ئانىسى بىرەر ئىشقا بۇيرىسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئويۇندا بولغاچقا، قىلماقچى بولغان ئىشىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى سەيلىخان ئوغلى تۇرسۇننى «قاسساپنىڭ دۇكىنىدىن 4 سەر گۆش ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇپتۇ. تۇرسۇن «ماقۇل» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، مەلىدىكى تەڭتۇش ئاغىنىلىرى بىلەن ئويناپ كەچ بولغاندا قايتىپ كىرىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭدىن «گۆش قېنى؟» دەپ سوراپتىكەن، تۇرسۇن: «ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەتە ئەكىلەي!» دەپتۇ. ئەتىسى ئانىسى ئۇنى يەنە ئۇنتۇپ قالمىسۇن، دەپ: «بۈگۈن ئۆيدىن چىققاندىن تارتىپ، قاسساپنىڭ دۇكىنىغا بارغۇچە توختىماي ‹4سەر› دەپ تەكرارلاپ ماڭ، ئۇنتۇپ قالما!» دەپتۇ. تۇرسۇن شۇ ماڭغانچە، توختىماستىن « 4سەر، 4 سەر» دەپ تەكرارلاپ كېتىۋېرىپتۇ. لېكىن قاسساپنىڭ دۇكىنى ئالدىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ياز كۈنلىرى ئىكەن. بىر يەرگە كەلسە، بىر توپ ئادەم بىر خاماندىكى چەش بۇغداينى بوداۋاتقانىكەن. بىرسى: «بېگىمنىڭ بۇغدىيى بۇ يىل بەك ئوخشىدى! يۈز تاغار بۇغداي چىقىشىدا گەپ يوق!» دەپتۇ. يەنە بىرسى: «شۇم ئېغىزلىق قىلمايلى، مىڭ تاغار بۇغداي چىقىدۇ!» دەپتۇ. دەل شۇ چاغدا تۇرسۇن «4 سەر، 4 سەر!» دەپتۇ! بەگنىڭ يۇداقچىلىرى بىلەن بوداقچىلىرى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ. ئۇلار تۇرسۇننىڭ قۇلىقىدىن تارتىپ تۇرۇپ:

— هەي يېتىمەك! شۇم ئېغىزلىق قىلماي «بىرى مىڭ بولسۇن» دەپ ماڭ! — دەپتۇ. تۇرسۇن قورقۇپ تۇرۇپ: «ماقۇل! بىرى مىڭ بولسۇن! بىرى مىڭ بولسۇن» دەپ تەكرارلاپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر هازا يول مېڭىپ بىر يەرگە كەلسە، يول بويىدىكى بىر تۈپ قاپاق تېرەكنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، كۆينىكىنى سېلىپ پىت بېقىۋاتقان، باش - كۆزىنى تۈك بېسىپ كەتكەن، يۈزلىرى كىرلىشىپ كەتكەن قېرى بىر بوۋايغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بوۋاي هەدەپ بىر پىتنى ئۆلتۈرۈپ: «بىرسىڭ بولسىمۇ ئۆلە!» دېگۈدەك! تۇرسۇن بۇ يەرگە «بىرى مىڭ بولسۇن!» دەپ يېتىپ كەپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا كۆزىنى يوغان ئېچىپ بىر ئالىيىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن: «هەي شۇمتەك! نېمە دەۋاتىسەن؟ تاياق يېگۈڭ كەلدىمۇ؟ بىرنىمۇ تۈگىتەلمەيۋاتسام، بىرى مىڭ بولسۇن دېگىنىنى بۇنىڭ! تاياق يېمەي دېسەڭ ‹بىرى بولسىمۇ تۈگىسۇن!› دەپ ماڭ!» دەپتۇ. تۇرسۇن ماقۇل بولۇپ يەنە يولىغا مېڭىپتۇ. بىر مەهەللىگە كەلسە، نۇرغۇن ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك هازىدارلار هەدەپ «ۋاي بالام»، «ۋاي ئاكام»، «ۋاي ئۇكام» دەپ يىغلىشىۋاتقانىمىش، هازىدارلار تۇرسۇننىڭ ئاغزىدىن «بىرى بولسىمۇ تۈگىسۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، شۇ هامان ئۇنى تۇتۇپ ئۇرۇپ قوغلاپتۇ. تۇرسۇن ئۇلاردىن: «ئەمىسە نېمە دەپ ماڭاي؟» دەپ سوراپتىكەن. هازىدارلار: «هازا بولغان ئۆيگە كىرگەن ئادەم كۆينەكلىرىنىڭ ياقىلىرىنى يىرتىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ، كۆڭلى غەش، كۆزىدە ياش كىرمەمدۇ! ئەمدى يولبويى «‹ئانامەي!›، ‹دادامەي!›، ‹ۋاي قېرىنداش!›، دەپ ماڭ! بولمىسا كۆرىدىغانىنى

كۆرسەن! ماڭ! يوقال!» دەپتۇ. تۇرسۇن ئۇلارنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە هازا ئېچىپ كېتىپ بېرىپ، يول بويىدىكى كاتتا توي بولۇۋاتقان بىر قورۇغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ خەقلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ ۋارقىراپ يىغا ساپتۇ. تويچىلارنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، تۇرسۇننى بىر چەتكە تارتىپ: «بۇ دېگەن توي! ھەممە ئادەم ئۇسسۇل ئويناپ خۇشاللىقنى بىلدۈرۈشى كېرەك. تويغا هازا ئېچىپ كەلسەڭ قانداق بولىدۇ؟ بۇ يەرگە كېلىپ ئۇسسۇل ئوينا! ئالدى ـ ئارقاڭغا چۆرگىلە!» دېيىشىپتۇ. تۇرسۇن تويچىلارنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئالدى ـ ئارقىسىغا چۆرگىلەپ چوڭ يول بىلەن داۋاملىق مېڭىۋېرىپتۇ. مېڭىپ ـ مېڭىپ بىر جاڭگالغا كېلىپ قاپتۇ. تۇرسۇن يەنىلا ئۇسسۇلنى ئويناپ مېڭىپتىكەن. بىر ئوۋچى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— هوي شۇمتەك، ئەتىگەندىن بۇيان ئەمدى بىر جەرەننى چەنلەپ ئاتاي دېيىشىمگە سەن كېلىپ ئۇنى ھۈركىتىپ قاچۇرۇۋەتتىڭ! سېنى قانداق قىلسام بولار؟ ئالدىڭغا ماڭساڭ، يەنە ماڭا ئوخشاش ئوۋچىلار بار! سەن ئەمدى ئېڭىشىپ ماڭ! بېشىڭنى كۆتۈرمە!» دەپتۇ. تۇرسۇن خۇددى ئوغرىدەك ئۈملەپ مېڭىپ كېتىپتۇ. تۇرسۇن بىردىنلا ئوخشاپ كەتكەن قوغۇنلۇققا كىرىپ قاپتۇ. قوغۇنلار ئوخشاپ سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەنىكەن. ئۇ بىردەم چۇنەكتە ئۈملەپ، بىردەم پىلەك ئارىسىدا تىمىسقىلاپ كېتىپ بارغانىكەن، قوغۇن ئىگىسى كېلىپ «كاپلا» قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ ۋە سۆرەپ «كاپا» قېشىغا ئەكەپتۇ. ئاندىن «قوغۇنۇمنى نېمە ئۈچۈن ئوغرىلايسەن» دەپ سوراق قىلىپ باغلاپ قويۇپتۇ. سەيلىخان ئوغلىنىڭ ئۆيگە كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۇ كەتكەن يول بىلەن ئىزدەپ مېڭىپتۇ. يولدا ئۇچرىغانلاردىن سوراپ، بولغان ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ مېڭىپ، ئاخىر قوغۇنلۇققا يېتىپ كەپتۇ. ئانىسى قوغۇنچىغا بولغان ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوغۇنچى تۇرسۇننى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنى قوغۇن بىلەن مېھمان قىپتۇ. قوغۇنچى كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ بالا نېمە ئۈچۈن ئاسان ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپتۇ. سەيلىخان مۇنداق دەپتۇ: «بالىغا ھەمىشە ئۇنى قىل، بۇنى قىلما دەپ ئۆگىتىۋەرسە، ئۆزىنىڭ كاللىسىنى ئىشلەتمەيدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆگەتكىنىنىلا دەيدىغان بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ!»

(سۆزلەپ بەرگۈچى: پەيزىۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى پىنسىيونېرى يۇسۇپ ئۆمەر)

(توپلاپ رەتلىگۈچىلەردىن مۇھەممەدجان تىلىۋالدى پەيزىۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە دېھقان، ئالىجان ئادىل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى مىللەتشۇناسلىق كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)